# Letter From An Unknown Woman

Stefan Zweig

When the celebrated novelist R. returned to Vienna early in the Morning after a refreshing three-day trip in the mountains, he bought a newspaper. He was reminded as soon as he glanced at the date, that it was his birthday. It was forty-first, he reflected rapidly, and was neither glad nor sorry at this observation. Cursorily he turned the crackling pages of the paper, and then took a taxi to his flat. His manservant told him there had been two visitors and some telephone calls while he was away, and brought him the accumulated post on a tray. Looking idly at what had been put before him, he opened one or two envelopes that interested him on account of who had sent them. He put aside for the time being one letter which looked too bulky, addressed in unfamiliar handwriting. Meanwhile tea had been brought. He leaned back comfortably in his armchair, glanced through the newspaper again, and some circulars; then he lit a cigar and picked up the letter he had put aside.

There were about two dozen hastily written pages in an unfamiliar, shaky, feminine hand, a manuscript rather than a letter. He examined the envelope again automatically; to see if a covering letter had been left inside. But it was empty, and as with the pages themselves, it carried no sender's address or signature. Strange, he thought, and took up the manuscript again. At the top, as an opening, it said: “to you who never really knew me.” Surprised, he paused. Did that refer to him, or to an imaginary person? His curiosity was suddenly aroused. He began to read.

‘My child died yesterday. For three days and nights I struggled with death over this small, fragile life. I sat by his bed for forty hours while influenza shook his poor body with its fever. I put cold compresses on his burning forehead and held his restless little hands day and night. On the third evening I was in a state of collapse. I couldn't keep my eyes open and involuntarily I fell asleep. I must have slept on the hard chair for three or four hours and during that time death took him. There he lies, the poor, sweet boy, in his narrow bed, just as he died; only someone

# نا تونۇش ئايالدىن كەلگەن خەت

ستېفان زىۋېيگ [ئاۋىستىرىيە]

ئاتاغلىق يازغۇچى R تاغ ئارىسىدا قىلغان يېڭى ھاۋا ئالماشتۇرۇش زىيارىتىدىن قاق سەھەردە ۋېناغا قايتىپ كەلگىنىدە، بىر سان گېزىت سېتىۋالدى. گېزىتنىڭ ۋاقتىغا كۆزى چۈشۈشى بىلەنلا بۇ ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە سالدى. بۇ ئۇنىڭ قىرىق بىرىنچى يېشىدى، چاپسانلا كۆڭلىدىن كەچكەن بۇ ئوي ئۇنىڭدا نە خۇشاللىق، نە پۇشايمان ھىسسى ئويغاتمىدى. ئۇ شاراقلاپ تۇرغان گېزىت بەتلىرىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن كۆز يۈگۈرتىۋەتكەندىن كېيىن تاكسىغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە ياندى. خىزمەتچىسى ئۇنىڭغا، ئۇ ئۆيدە يوق چاغدا، ئىككى مېھماننىڭ كېلىپ كەتكەنلىكىنى، بىرنەچچە كىشىدىن تېلېفون كەلگەنلىكىنى ئېيتتى، ئاندىن يىغىلىپ قالغان خەت - چەكلەرنى پەتنۇستا ئېلىپ كەلدى. ئۇ خەتلەرگە ئېرەڭسىزلىك بىلەن كۆز تاشلاپ، بىر - ئىككى پارچە خەتنىڭ ئەۋەتكۈچىسىگە قىزىقىپ، لىپاپىلارنى ئېچىپ كۆزدىن كەچۈردى. بۇ چاغدا ئۇ نا تونۇش پوچۇركا بىلەن ئادرېس يېزىلغان قېلىن بىر پارچە خەتنى قويۇپ تۇردى. شۇ ئارىدا چاي كەلتۈرۈلدى. ئۇ ھوزۇرلانغان ھالدا كىرىسلوغا تاشلىنىپ، گېزىت - ژۇرناللارنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ چىقتى، ئاندىن بىر تال سىگارت تۇتاشتۇرىۋېلىپ، ھېلىقى خەتنى قولىغا ئالدى.

بۇ ئىككى دۈژنە كېلىدىغان ۋاراقلاردىكى ئىتتىك يېزىلغان ناتونۇش، ئايال كىشىنىڭ پوچۇركىسىدەك خەتلەرنى، خەتتىن كۆرە ئەسەر قولىيازمىسى دېگەن تۈزۈكراق ئىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا، لىپاپىنىڭ ئىچىدە يەنە بىرەر قوشۇمچىسى قالدىمىكىن دېگەندەك تۈتۈپ باقتى. بىراق، لىپاپ قۇرۇق، ئاشۇ ۋاراقلاردىن باشقا نەرسە يوقىدى. لىپاپىدا ياكى خەتنىڭ ئاخىرىدا ئەۋەتكۈچىنىڭ ئادرېسىمۇ، ئىمزاسىمۇ يوقىدى. ئۇ «غەلىتىغۇ» دەپ ئويلىدى ۋە قولىيازمىنى قايتا قولىغا ئالدى. ئۈستىدە، ئېچىلىشتىلا شۇنداق سۆزلەر تۇراتتى: «مېنى ئەزەلدىن تونىمايدىغان سىزگە!». ئۇ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بۇ سۆز ئۇنىڭغا قارىتىلغانمۇ ياكى تەسەۋۋۇردىكى بىرسىگە قارىتىلغانمۇ؟ ئۇنىڭ قىزغىنلىقى بىردىنلا ئېشىپ، خەتنىڭ داۋامىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«مېنىڭ ئوغلۇم تۈنۈگۈن ئۆلۈپ كەتتى. مەن بۇ گۆدەك، نازۇك جان ئۈچۈن ئەجەل بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئېلىشتىم.تارقىلۇچان زوكام ھۇجۇمىدىن قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەندە ئۇنىڭ كارۋىتى يېنىدا توپ - توغرا قىرىق سائەت ئولتۇردۇم. سوغۇق داكىنى ئۇنىڭ يېنىۋاتقان پېشانىسىغا قويۇپ، تىنىمسىز كىچىك قوللىرىنى كېچە - كۈندۈز تۇتۇپ چىقتىم. ئۈچىنچى ئاخشىمىغا كەلگەندە ئۆزەم يىقىلغۇدەك ھالەتكە كەلدىم. كۆزلىرىمنى ئاچالمايتىم، ئاندىن ئىختىيارسىزلا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. مەن قاتتىق ئورۇندۇقتا ئۈچ ياكى تۆرت سائەت ئۇخلىغان بولۇشۇم چوقۇم، ئەنە شۇ چاغدا ئەجەل ئۇنى ئېلىپ كېتىپتۇ. مانا ئۇ، بىچارە، تاتلىق بالا، ئۆزىنىڭ كىچىك

has closed his eyes, those intelligent, dark eyes, and folded his hands over his white nightshirt

‘Four candles — one at each corner of the bed — burn brightly. I dare not look; I am afraid to move. When the candles flicker, shadows flit over his face and his closed lips, and it seems then as if his features move; and I can almost imagine he isn't dead, that he'll wake up again and say something childishly tender to me in his clear voice. But I know he is dead. I won't look again, so as not to revive my hopes, and be disappointed once more. I know, I know, my son died yesterday — now I have only you left in all the world, only you, who know nothing about me. You, who meanwhile amuse yourself all unawares or trifle with people and things; only you, who never knew me, and whom I always loved.

‘I have taken the fifth candle and put it here on the table on which I am writing to you. I can't be alone with my dead child without pouring my heart out to someone. And to whom should I speak at this terrible time if not to you? To you who were everything to me, and still are? Perhaps I can't make myself completely clear to you, perhaps you won't understand me. My head is so heavy; my temples twitch and throb; my limbs ache. I think I am feverish. Perhaps I have influenza, too. It is spreading from door to door now; and that would be good, for then I would go with my child and not have to kill myself. Sometimes everything goes dark before my eyes. Perhaps I shall not be able to finish this letter — but I want to summon up all my strength, this once, just this once, to speak to you, my darling, who never knew me.

‘I want to speak to you alone, to tell you everything for the first time. You ought to know all about my life. It has always belonged to you and you knew nothing about it. But you shall know my secret only when I am dead, when you won't have to answer me, if what is making my limbs go hot and cold really is the end. If I must go on living I shall tear up this letter and keep silent, as I have always done. But if you hold it in your hands you will know that a dead woman is telling you the story of her life; the life that was yours

كارۋىتىدا ئۆلۈك ياتىدۇ؛ كىمدۇر ئۇنىڭ ئەقىللىق قارا كۆزلىرىنى يۇمدۇرۇپ، قوللىرىنى ئاق، كىچىلىك مايكىسى ئۈستىگە ئىلىپ قويۇپتۇ.

«كارۋاتنىڭ تۆرت بۇلۇڭىدا تۆرت تال شام يورۇق يېنىپ تۇرۇپتۇ. قاراشتىن شۈركۈنىمەن، مىدىرلاشتىن قورقىمەن. شامنىڭ لاپىلدىشى بىلەن ئۇنىڭ يۈزى ۋە مەھكەم يۇمۇلغان ئاغزى ئۈستىدىكى كۆلەڭگىلەر لىپىلداپ، خۇددى قوۋۇزلىرى مىدىرلاۋاتقاندەك، گويا ئۇ ئۆلمىگەندەك، هازىرلا ئويغۇنۇپ، بالىلارغا خاس يۇمشاق، ساپ ئاۋازى بىلەن بىرنېمىلەرنى دەپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. بىراق، مەن بىلىمەن، ئۇ ئۆلگەن. يەنە بىر قېتىم ئۈمىدلىنىپ، ئارقىدىنلا يەنە ئۈمىدسىزلىك ئازاۋى تارتماسلىق ئۈچۈن كارۋات تەرەپكە قارىمايمەن. بىلىمەن، بىلىمەن، مېنىڭ ئوغلۇم تۈنۈگۈن تۈگەپ كەتتى. ئەمدى دۇنيادا سىزدىن باشقا هېچكىمىم قالمىدى، پەقەت سىز –هەققىمدە هېچنېمە بىلمەيدىغان سىز –قالدىڭىز. پەقەت سىز –شۇ تاپتا بولار ـ بولماس ئادەملەر ۋە ئىشلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىۋاتقان سىز –پەقەت سىز –مېنى ئەزەلدىن بىلمەيدىغان، مەن بولسام هاياتىم بويى سۆيگەن سىز –قالدىڭىز.

«مەن بەشىنچى شامنى يېقىپ ۋە شىرەگە قويۇپ، مانا شۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. يۈرىكىمنى بىرسىگە ئاچماستىن، تۈگەپ كەتكەن ئوغلۇمنىڭ بېشىدا قانداقمۇ تەنها ئولتۇرالايمەن؟ هەمدە بۇ قورقۇنۇچلۇق مىنۇتلار هەققىدە سىزدىن باشقا كىمگە سۆزلىيەلەيمەن؟ سىزدىن –بۇرۇندىن مېنىڭ بارلىغىم بولغان، هېلىهەم شۇنداق بولۇپ تۇرغان سىزدىن –باشقا كىمگە؟ بەلكىم ئۆزەمنى ئېنىق چۈشەندۈرەلمەسمەن ياكى سىز مېنى چۈشەنمەسسىز. بېشىم بەكلا ئېغىرلىشىپ كەتتى؛ چېكىلىرىم لوقۇلداپ، ئوت چىقىۋاتىدۇ؛ پۇت ـ قوللىرىم قاخشاۋاتىدۇ. زوكام بولسام كېرەك. بەلكىم تارقىلۇچان زۇكاممۇ بولغاندۇرمەن. هازىر تارقىلۇچان زوكام ئۆيمۇ ـ ئۆي كەزمەكتە. شۇنداق بولغان بولسام ياخشىدىغۇ، مەنمۇ ئوغلۇم بىلەن كېتەتتىم ـدە، ئۆزەمنى ئۆلتۈرىۋېلىشقا هاجەت قالمايتى. بەزىدە كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ. بەلكىم بۇ خەتنى يېزىپ بولالماسمەن. قەدىرلىكىم، ئەمما مەن پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ، سىز بىلەن –ئەزەلدىن مېنى تونىمايدىغان سىز بىلەن مۇشۇ بىر قېتىم، دەل مۇشۇ بىر قېتىم سۆزلەشمەكچىمەن.

«سىز بىلەن تەنها سۆزلىشىپ، سىزگە تۇنجى قېتىم هەممە ئىشنى ئېيتماقچىمەن. سىز مېنىڭ پۈتۈن هاياتىم هەققىدە بىلىشىڭىز كېرەك. ئۇ (هاياتىم) هەرقاچان سىزگە مەنسۇپ بولۇپ كەلدى، سىز بولسىڭىز ئۇنىڭ هەققىدە هېچنەرسە بىلمەي كەلدىڭىز. لېكىن سىز مېنىڭ سىرىمنى پەقەت مەن ئۆلگەندە بىلىدىغان بولدىڭىز؛ جاۋاپ بېرىشىڭىزنىڭ هاجىتى قالمىغان چاغدا بىلىدىغان بولدىڭىز؛ پۇت ـ قوللىرىمنىڭ دەم قىزىپ، دەم مۇزلاپ تۇرىشى هەقىقەتەنمۇ تۈگەۋاتقانلىقىمدۇر. ئەگەر مەن جەزمەن ياشايدىغان بولسام ئىدى، بۇ خەتنى يىرتىپ تاشلاپ، خۇددى بۇرۇنقىدەكلا ئۈنچىقماستىن يۈرىۋەرگەن بولاتتىم. بىراق، بۇ خەتنى قولىڭىزغا ئالغىنىڭىزدا، بىلىڭكى، ئۆلگەن بىر ئايال سىزگە هايات هېكايىسىنى، بارلىق ئويغاق سائەتلىرىنىڭ هەممىسى سىزگە

all her waking hours. Don't be afraid of my words. A dead all her waking hours. Don't be afraid of my words. A dead woman no longer wants anything — not love, or pity, or comforting words. There is only one thing I ask of you and that is to no longer wants anything — not love, or pity, or comforting words. There is only one thing I ask of you and that is to believe everything I tell you, everything the pain that flies from me to you reveals. believe everything I tell you, everything the pain that flies from me to you reveals. Believe my every word, I ask nothing more of you: one doesn't tell lies at the deathbed of an only child.

'I will reveal my whole life to you, a life which truly began only on the day I first knew you. Before that everything was simply obscure and confused, in that my memory never surfaced from some kind of cellar filled with dusty, dull things and people, covered in spiders' webs, that my heart no longer recognizes. When you came into my life I was thirteen years old and lived in the same house you live in now, the same house in which you are holding this letter — my last living breath — in your hand. I lived on the same floor, immediately opposite the door of your flat. You will certainly not remember us at all, the poor widow of an accountant (she always wore mourning) and the thin, half-grown child — we were very quiet, of course, immersed in our petty-bourgeois poverty. Perhaps you never heard our name: we had no nameplate on our door and no one came to visit us, no one inquired after us. It is also so long ago, fifteen or sixteen years. No, you certainly won't remember it now, my darling, but I, oh I remember passionately every little detail. I first heard of you, first saw you. Why shouldn't I, for it was then the world began for me. Have patience, my darling, I want to tell you everything, everything from the beginning. Don't tire of listening to me for a little while, I beg you. I haven't grown tired of loving you all my life.

'Before you moved in to our house, odious, nasty, quarrel-some people lived in your flat. Poor as they were, they hated most of all having poverty-stricken neighbors like us. Because we didn't want to have anything to do with their depraved, lower-class coarseness. The man was a drunkard and beat his wife. We were often wakened in the night by the noise of chairs being knocked over and the clatter of breaking plates. Once, after she had been beaten until she was bleeding, she ran out on to the stairs, her hair disheveled, and with the drunken man bawling after her, until people opened their doors and threatened to call the

مەنسۇپ بولغان ھاياتنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەۋاتقىنىنى بىلىسىز. سۆزلىرىمدىن قورقۇپ كەتمەڭ. ئۆلگەن ئايالنىڭ ئارتۇقچە تەلىپى بولمايدۇ: سۆيگۈ، ھېسسىداشلىق، تەسەللىگە ئېھتىياجى يوق. مېنىڭ بىرلا تەلىپىم بار، دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىگە، سىزگە ئاشكارە بولغان دەرد ـ ئەلەملىك قەلبىمنىڭ ساداسىغا ئىشەنگەيسىز. كىشى ئۆزىنىڭ يالغۇزبالىسى ئۆلۈپ ياتقان كارۋات بېشىدا ئولتۇرۇپ يالغان ئېيتمايدۇ، ھەربىر سۆزۈمگە ئىشەنگەيسىز، بۇنىڭدىن باشقا ھېچ تەلىپىم يوق.

«مەن سىزگە پۈتۈن ھاياتىمنى، سىزنى بىرىنچى قېتىم بىلگىنىمدىن كېيىن ھەقىقىي تۈردە باشلانغان ھاياتىمنى بايان قىلىمەن. ئۇندىن بۇرۇنقى ھەممە نەرسە ئاددىي، خۇنۇك، قالايمىقان، خۇددى چاڭ ـ توزاڭ باسقان، ئادەم ۋە نەرسە ـ كېرەكلەر تولغان، ئۈستىنى ئۆمۈچۈك تورى قاپلاپ كەتكەن گەمىگە ئوخشاش كەچمىشىمنى ھېچ خاتىرلىيەلمەيمەن، ئۇنى قەلبىممۇ تونىماس بولغان. سىز مېنىڭ ھاياتىمغا كىرىپ كەلگىنىڭىزدە مەن ئون ئۈچ ياشتا ئىدىم ۋە سىز ھازىر تۇرىۋاتقان بىنادا –سىز مېنىڭ مۇشۇ (ئاخىرقى نەپسىمدىكى) خېتىمنى تۇتۇپ تۇرغان بىنادا؛ بىر قەۋەتتە، يەنە كېلىپ، ئىشىكلىرى ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل قارىشىپ تۇرغان ئۆيدە ياشايتۇق. سىز بىزنى، ئاشۇ بوغالتىردىن تۇل قالغان بىچارە ئايال (ئۇ ھەمىشە قارىلىق كىيىپ يۈرەتتى) بىلەن ئۇنىڭ ۋىجىككىنە نارېسىدە قىزىنى پەقەتلا ئەسلىيەلمىسىڭىز كېرەك، چۈنكى بىز ئۇششاق بۇرژۇئازىيىچە يوقسۇللۇقىمىز ئىچىگە پېتىپ جىم ـ جىت ياشايتۇق. ئىشىكىمىز بېشىدا نام ـ نىشان تاختىمىزمۇ يوق، بىزگە مېھمانغا كېلىدىغانلارمۇ، بىزنى سۈرۈشتە قىلىدىغانلارمۇ يوق بولغاچقا بەلكىم سىز بىزنىڭ ئىسىم ـ پەمىلىمىزنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان بولسىڭىز كېرەك. بۇلارمۇ ئۇزاق زامان بولغان، ئونبەش، ئونئالتە يىل ئاۋالقى ئىشلار. سىز ھەقىقەتەنمۇ بۇلارنى ئەسلىيەلمەيسىز، قەدىرلىكىم. ئەمما مەن، ئىھ مەن ھەممە ئۇششاق تەپسىلاتلارغىچە ئەسلىيەلەيمەن. بىرىنچى قېتىم سىز توغرۇلۇق ئاڭلىغىنىم، بىرىنچى قېتىم كۆرگىنىم. نېمىشكە خاتىرەمدە بولمىسۇن، بۇ مەن ئۈچۈن دۇنيانىڭ باشلىنىشى تۇرسا. سەۋرى قىلىڭ، قەدىرلىكىم، سىزگە ھەممىنى دېمەكچىمەن،ھەممىنى بېشىدىن تارتىپ دېمەكچىمەن. بىردەملىك ئۈچۈن ئاڭلاشتىن زېرىكىپ كەتمەڭ، سىزدىن ئۆتۈنىمەن. مەنمۇ سىزنى ھاياتىم بويى ياخشى كۆرۈشتىن زېرىكمىگەنمەن.

«بىنامىزغا سىز كۆچۈپ كىرىشتىن ئىلگىرى، سىز ئولتۇرغان ئۆيدە ئىپلاس، جېدەلخور، ۋەھشىي بىر ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇلار نامرات ئىدى، ئۇلار بىزگە ئوخشاش بەكرەك نامرات قوشنىلىرىغا ئۆلگىدەك ئۆچ ئىدى. چۈنكى بىز ئۇلارنىڭ چۈشكۈنلەشكەن، تۆۋەن تەبىقە قوپاللىقى بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى خاھلىمايتۇق. ئېرى ھاراقكەش بولۇپ، خوتۇنىنى ئۇراتتى. ھەمىشە كېچىلىرى ئۇستەللەرنىڭ ئۆرۈلىشى، تەخسىلەرنىڭ سۇنغان ئاۋازلىرى بىزنى ئويغۇتىۋېتەتتى. بىر قېتىم، ئايال باش - كۆزى يېرىلغۇچە تاياق يەپ، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا پەسكە قاراپ قاچقان، ھاراقكەش ئېرى تاكى كىشىلەر ئۆيلىرىدىن

police. My mother had avoided having anything to do with them from the start and forbade me to speak to the children, who as a result never missed an opportunity to take it out on me. When they met me in the street they shouted obscenities after me and once they threw such hard snowballs at me they made my forehead bleed. Everyone in the house instinctively disliked that family and breathed a sigh of relief when something happened to make them leave suddenly with their bits and pieces — I believe the husband was imprisoned for theft. For a few days a 'To Let' notice appeared on the front door, then it was taken down and the caretaker promptly let it be known that an author, a quiet bachelor, had taken the flat. That was how I heard your name for the first time.

‘After a few days painters and decorators, cleaners and carpet layers came to renovate after the mess left by the former tenants. There was much hammering, banging, plastering and scraping but Mother was only too pleased, she said, that the unsavory goings-on over the way had come to an end. I didn't actually see you — not even while you were moving in. All the work was supervised by your manservant. That small, grave, grey haired gentleman's gentleman directed everything in a quiet, business-like, superior way. He impressed us all very much, firstly because in our suburban dwelling a gentleman's gentleman was something of a novelty, and then because he was so very polite to everybody, without in any way putting himself on a level with the servants, or descending to familiar gossip. From the very first he treated my mother as a lady, with respect, and he was always friendly and serious, even to a little shrimp like me. If he mentioned your name it was evident that he was attached to you far more than was usual with servants. And how I have loved good old John for that, though I envied him because he could always be near you, and do things for you.

‘I am telling you all this, my darling, all these little, almost silly things, so that you will understand how right from the start you were able to gain such power over the shy, timid child I was. Even before you actually came into my life, there was a mysterious. Everyone in the small suburban house waited impatiently for you to move in (people who live narrow lives are always curious about new curiosity about you when I  neighbors), and I first felt this came home from school one afternoon and the furniture van was standing outside. The removal men had already taken

ساقچى چاقىرىمىز دەپ قورقۇتقانغىچە ئارقىسىدىن قوغلىغان ئىدى. ئاپام باشتىن تارتىپلا ئۇلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشتىن ئېھتىيات قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ باللىرى بىلەن ئوينىشىمنى چەكلەيتى. شۇڭا ئۇلار ھە دېسىلا دەردىنى مېنىڭدىن ئالاتتى، ئەگەر كوچىدا ئۇچرىشىپ قالساق ئارقامدىن ئەپسانە گەپلەرنى دەپ توۋلايتى. ھەتتا بىر قېتىم قاتتىق قار كومىلىچىنى ئېتىپ پىشانەمنى قانىتىۋەتكەنىدى. پۈتۈن بىنادىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى يامان كۆرەتتى. مەلۇم بىر ئىش يۈز بېرىپ(: بىلىشىمچە، هاراقكەش ئەر ئوغۇرلۇق قىلىپ، تۈرمىگە قامالغان ئىدى)، ئۇلار تۇيۇقسىزلا لاقا ـ لۇقىسىنى ئېلىپ كۆزدىن يۈتتى، كىشىلەرمۇ يېنىك نەپەس ئالدى. «ئىجارە بېرىلىدۇ» دەپ يېزىلغان تاختا ئالدى ئىشىككە بىرنەچچە كۈن ئېسىپ قويۇلغاندىن كېيىن ئېلىۋېتىلدى، باشقۇرغۇچىنىڭ بىلدۈرىشىچە، بىر يازغۇچى، سىپايە بويتاق مۇشۇ ئۆينى ئىجارە ئالىدىغان بوپتۇ. شۇ چاغدا مەن سىزنىڭ نامىڭىزنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغان ئىدىم.

«بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سىرچى، تازىلىغۇچى ۋە گىلەم سالغۇچىلار كېلىپ، ئىلگىرى ئولتۇرغانلاردىن قالغان پاسكىنىچىلىقلارنى ئېرىغداشقا باشلىدى. بىنادىن تاراق ـ تۇرۇق ئاۋازلار، بولقا ئاۋازى، پول سۈرتكەن، تام قىرغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئاپام بولسا بەك خوشال ئىدى، بۇ تاراقلاشلار ئۆتكۈنچى ئىدى. مەن سىزنى ھەتتا ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىنمۇ كۆرەلمىدىم. ھەممە ئىش سىنىڭ خىزمەتكارىڭنىڭ باشچىلىقىدا قىلىناتتى. پاكار بويلۇق، جىددي قىياپەتلىك، كۈلرەڭ چاچلىق بۇ ئەپەندىم بارلىق ئىشلارغا پەس ئاۋازدا سىستېمىلىق كۆرسەتمىلەر بېرىپ تۇراتتى. ئۇ بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، چۈنكى، بىرىنچىدىن بىزنىڭ شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان مەھەللىمىزدە مۇلازىمنىڭ پەيدا بولىشى قانداقتۇر ئېسىلزادىلىكتىن بىشارەت بېرەتتى، ئۈندىن باشقا ئۇ ئۆزىمۇ ھەممە كىشىگە بەكمۇ ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇ ئۆزىنى خىزمەتكاردەك تۇتمايتى، ھەمدە ھەممىگە تونۇش سۆز ـ چۆچەكلەرگىمۇ ئورۇن قالدۇرمايتى. ئۇ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا ئاپامغا خۇددى ئېسىلزادە خېنىملارغا مۇئامىلە قىلغاندەك ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن مۇراجەت قىلدى ھەتتا مەندەك بىر كىچىك قىزغىمۇ ھەمىشە دوستانە ۋە مۇلايىملىق بىلەن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئېلىشىدىنلا، ئىككىڭىزنىڭ مۇناسىۋىتى مۇناسىۋىتى ئادەتتىكى خوجايىن ۋە خىزمەتكار مۇناسىۋىتىدىن كۆپ ئۈزاپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. بۇ ئاقكۆڭۈل بوۋاي جون دائىم سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرالىشى، دائىم سىزنى كۈتەلەيدىغانلىقى بىلەن مېنىڭ قەلبىمدە يوشۇرۇن ھەسەت تۇغدۇراتتى، ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم.

« مېنىڭ نەقەدەر تارتىنچاق، يۈرەكسىز قىز ئىكەنلىكىمنى ۋە سىزنىڭ ئۇنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان بىر كۈچ ئىكەنلىكىڭىزنى باشتىن تارتىپ چۈشىنىشىڭىز ئۈچۈن مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىزگە ئېيتىپ بېرەي، قەدىرلىكىم، بۇ ئۇششاق ـ چۈششەك ئەخمىقانە ئىشلارنى سىزگە بىرمۇ ـ بىر ئېيتىپ بېرەي. ھەتتا سىز تېخى رەسمىي تۇردە مېنىڭ ھاياتىمغا سىڭىپ كىرمەي

up most of the heavy furniture and were carrying in a number of small things. I stood at the door to marvel at everything, for all your things were so very different from anything I had ever seen. There were Indian idols; pieces of Italian sculpture; large pictures in dazzling colors; and then, finally came the books, so many and so beautiful, I wouldn't have believed it possible. They were all piled up at the door, where the manservant took charge of them and carefully removed the dust from every single one with a feather duster. I loitered near the ever-growing pile with curiosity; the manservant didn't send me away, but neither did he encourage me. I didn't dare touch anything, although I would have loved to handle the soft leather of some of them. I just looked shyly at the titles on the spines; there were French and English books among them, and many in languages I didn't understand. I believe I would have looked at them all for hours but Mother called me in.

‘I thought about nothing else but you all the evening; even before I knew you. I myself possessed only a dozen cheap tattered books with cardboard covers which I loved more than anything else and had read over and over again. And then I wondered what the man must be like who owned and had read all those wonderful books, ho knew all those languages, and was so wealthy and knowledgeable at the same time. A sort of supernatural awe combined with the idea of all those books. I tried to picture you in my mind. You were an old man with glasses and a long, white beard, like our geography teacher, only much kinder, more handsome and gentler — I don't know why I was already sure then that you must be good-looking, when I still thought of you as an old man. That night, still without meeting you, I dreamt about you for the first time.

‘The next day you moved in, but in spite of being on the look-out all the time, I wasn't able to catch a glimpse of you — which only increased my curiosity. At last, on the third discover how different you were, so completely unrelated to my child ship picture of a godfather. I had imagined a bespectacled, kindly, old man, and then you appeared — you, exactly as you still are today, unchangeable, light-brown country clothes and ran up the stairs two at a time in your inimitable, easy, boyish way. You carried your hat in your hand so I was able to see, with amazement I could scarcely hide, your open, lively face and

تۇرۇپلا، بىر سىرلىقلىق باردى. شەھەر ئەتراپىدىكى بۇ كىچىك بىنادا ھەممە ئادەم سەۋرىسىزلىك بىلەن سىزنىڭ كۆچۈپ كىرىشىڭىزنى كۈتتى (تار ماكاندا ياشىغۇچى ھەرقانداق كىشى يېڭى قوشنىسىغا قىزىقىدۇ)، مەن سىزگە بولغان بۇ قىزىقىشنى، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، بىنا ئالدىدا ئۆي جاھازلىرى باسقان يۈك ماشىنىسىنى كۆرگىنىمدە تۇنجى قېتىم ھېس قىلغانىدىم. ھامماللار كۆپ ساندىكى ئېغىر جاھازلارنى توشۇپ بولغان ۋە ئەمدى ئازراق ئۇششاق نەرسىلەرنى توشۇۋاتاتتى. مەن ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان غەلىتە، باشقىچە نەرسىلەرنى قىزىقىپ كۆردۈم. ھىندىستاننىڭ بۇتلىرى، ئىتالىيىنىڭ ئويمىلىرى، كۆركەم رەڭلىرى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چوڭ مايبوياق رەسىملەر ۋە كېيىن ئېلىپ كېلىنگەن بىرمۇنچە كىتاپلار شۇنچە كۆپ، شۇنچە چىرايلىق ئىدى، مەن بۇلارنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە ئىشىنەلمەيلا قالغان ئىدىم. خىزمەتكارىڭىز بۇ كىتاپلارنىڭ چاڭلىرىنى پەي قاقىقۇچ بىلەن بىرمۇ ـ بىر قېقىپ، ئېھتىيات بىلەن ئىشىك ئالدىغا تىزىۋاتاتتى. مەن بارغانسېرى ئېگىزلەۋاتقان كىتاپ دۆۋىسىنى ئېھتىيات بىلەن ئايلىنىپ كۆرۈشكە باشلىدىم،خىزمەتكارىڭىز مېنى قوغلىۋەتمىدى ھەم يېقىنراق كېلىشىمگىمۇ ئىجازەت بەرمىدى. يۇمشاق تېرە بىلەن قاپلانغان كىتاپ مۇقاۋىلىرىنى سىلاپ باققىم بولسىمۇ، تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. مەن قورۇنغان ھالدا كىتاپلارنىڭ ئىسىملىرىغا قاراشقا باشلىدىم؛ بۇلارنىڭ ئارىسىدا فىرانسۇزچە، ئېنگلىزچە كىتاپلار باردى ھەم مەن بىلمەيدىغان نۇرغۇن تىللاردىكى كىتاپلار باردى. شۇنىسى ئېنىق ئىدىكى، ئاپام چاقىرىپ قالمىغان بولسا، مەن بۇ يەردە كۈن بويى قاراپ تۇرىۋەرگەن بولاتتىم.

«تېخى سىزنى بىلمەيدىغان بولساممۇ، پۈتۈن چۈشتىن كېيىن سىزدىن باشقا ھېچنېمە ئويلىمۇدۇم. مېنىڭ پەقەت قاتتىق قەغەزدە مۇقاۋىلانغان، ئەرزان باھالىق ئوننەچچە پارچە كىتاۋىم باردى، ئۇلارنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايتىم ۋە قايتا ـ قايتا ئوقۇيتتىم. ئاشۇ سەرخىل كىتاپلارنىڭ ئىگىسى بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولغان، شۇنداقلا شۇنچە كۆپ تىل بىلىدىغان، شۇنچە باي ھەم بىلىملىك بۇ كىشىگە قىزىقىپ قالدىم. بۇ كىتاپلار مەندە بىر خىل دەرىجىدىن تاشقىرى ھېيىقىش ھىسسىياتى تۇغدۇردى. مەن سىزنىڭ تەققى ـ تۇرقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۇرۇندۇم. سىز مېنىڭ كۆز ئالدىمغا بىزنىڭ جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىمىزغا ئوخشاش ئاپپاق ئۇزۇن ساقاللىق، كۆزەينەك تاقىغان قېرى ئەپەندى سىياقىدا كېلەتتىڭىز، پەقەت تېخىمۇ مۇلايىم، چىرايلىق، نازاكەتلىك بولسىڭىز كېرەك. سىز مېنىڭ شۇ چاغدىكى تەسەۋۋۇرۇمدا قېرى چال تۇرۇقلۇق، نېمىشقا سىزنى تولۇق ئىشەنچ بىلەن چىرايلىق دەپ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. گەرچە تېخى سىزنى كۆرمىگەن بولسامموۇ، شۇ كۈنى كېچىسى تۇنجى قېتىم سىزنى چۈشىدىم.

«ئىككىنچى كۈنى كۆچۈپ كىردىڭىز، بىراق، پۈتۈن ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ پايلىغىنىمغا قارىماي، سىزنى كۆرەلمىدىم، بۇ بولسا مېنىڭ قىزىقىشىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ئاخىرى، ئۈچىنچى كۈنى، مېنىڭ بالىلىق تەسەۋۋۇرۇمدىكى بوۋاينىڭ ئوبرازىغا قىلچە

your youthful hair: really, I was taken aback to see how young, how handsome, how willow-slim and elegant you were. And isn't it strange: at that first moment I saw clearly what I and everyone else came to see in you so uniquely time and time again, but with some astonishment that some-how you are two people in one, a passionate, happy-go-lucky young man given over to pleasure and adventure, and at the same time as far as your writing is concerned a relentless, serious, responsible, extremely well-read and educated man. Unconsciously I felt what everyone sensed about you, that you led a double life, a life which presented to the world a light hearted, open face and an obscure life known only to yourself. I, the thirteen-year-old, magically attracted, felt this profound duality, this secret of your existence, at my first sight of you.

‘Do you understand now, my darling, what a marvel, what an alluring enigma you must have been for me, as child? Suddenly to discover that a man everyone held in respect because he wrote books, because he was famous in that great world outside, was a young, stylish, boyishly high-spirited, twenty-five-year-old! Do I have to tell you that from that day on nothing else in our house, in my entire wretched childish world, interested me except you that the entire obduracy, the whole intense tenacity of a thirteen-year-old revolved more and more around your life, your existence? I watched you, I observed you routine, noticed the people who visited you; and all that only increased my curiosity about you, instead of diminishing it, for the two sides of your character were revealed by the diversity of those visitors. There were young people, friends of yours, with whom you laughed and were in high spirits; shabbily dressed students; and then again there were ladies who drove up in cars; once the Director of the Opera, the great conductor whom I had only looked at respectfully from afar on his rostrum. Then there were also young girls still attending commercial school, who scurried in the door looking embarrassed. Altogether there were many, very many, women. I didn’t think anything about this particularly, not even when, as I was on my way to school one morning, I saw a heavily-veiled lady leave your flat. I was only thirteen and

يېقىن كەلمەيدىغان ئوخشىماسلىقنى بايقاشقا نېسىپ بولدى. تەسەۋۋۇرۇمدىكىسى كۆزەينەكلىك، سىپايە، قېرى كىشى بولغان بولسا، سىز –جاغدا بولغىنىڭىز ئۈچۈن بۈگۈنمۇ شۇ پېتى تۇردىڭىز –ئاچ جىگەررەڭ سپورت كىيىمى كىيىۋالغان ئىدىڭىز ۋە ئۆزگىچە يېنىكلىك، ئەركىن ھەم بالىلارچە تېتىكلىكىڭىزنى نامايان قىلىپ، يوقۇرىغا چىقىشتا دائىم ئىككى پەللەمپەينى بىر ئاتلايتىڭىز. سىز شلەپىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىۋالغاچقا، جانلىق ئىپادىلىك، نۇر يېغىپ تۇرىدىغان يۈزىڭىزنى، ياشلارغا خاس پارقىراپ تۇرغان چېچىڭىزنى بىر قاراشتىلا بايقاپ، ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي قالدىم. سىزنىڭ شۇنچە ياش، چىرايلىق، چەبدەس ۋە زىلۋا بوي - تۇرقىڭىز مېنى ھەقىقەتەنمۇ چۆچۈتىۋەتتى. ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسكى، شۇ دەسلەپكى مىنۇتلاردىلا سىزنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسيەتلىرىڭىزنى سېزىۋالدىم، مەنلا ئەمەس، سىز بىلەن تونۇشىدىغان ھەركىم سىزنىڭ ئىككى خىل خىسلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى، يەنى بىر قارىماققا يەڭگىل، ئويۇنچى، غەيرى نەرسىلەرگە قىزىقىدىغان ياش بالا ئىكەنلىكىڭىزنى؛ يەنە بىر جەھەتتە بولسا ئۆزىڭىز شۇغۇللىنىۋاتقان سەنئەتتە تەڭداشسىز، قەتئىي، ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان، ئىنتايىن بىلىملىك، سالاپەتلىك كىشى ئىكەنلىكىڭىزنى سېزەتتى. ئەينى ۋاقىتتا مەن ئاڭسىز يوسۇندا سىزنىڭ ھەر بىر ئادەمگە شۇنداق تەسىرات قالدۇرىدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلغانىدىم. سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدا شۇنداق ئىككى تەرەپ بارىدى: بىرى تاشقى دۇنيا ئۈچۈن ھىس قىلىنىدىغان ئوچۇق تەرەپ، يەنە بىرى ئۆزىڭىزگىلا مەلۇم بولغان قاراڭغۇ تەرەپ. بۇنداق چوڭقۇر يوشۇرۇنغان ئىككى ياقلىمىلىق سىزنىڭ ھايات سىرىڭىز بولسىمۇ، ئەمما مەندەك بىر ئون ئۈ ياشلىق كىچىك بۇ ئىككى خىللىقنى بىر قاراشتىلا بايقىۋېلىپ، خۇددى سېھىرلەنگەندەك سىزگە ئەسىر بولۇپ قالغان ئىدىم.

« ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىڭىزنىڭ ماڭا ئوخشاش بىر قىزچاق ئۈچۈن چۈشەنگۈسىز مۆجىزە، نەقەدەر مەپتۇن قىلارلىق سىر ئىكەنلىكىڭىزنى ئەمدى بىلگەنسىز، قەدىرلىكىم؟ مەن سىزنىڭ نۇرغۇن كىتاپلارنى يازغان، باشقا بىر دۇنيادا شان - شۆھرىتى كۆزگە كۆرۈنگەن، كۆپچىلىك ھۆرمەتلەيدىغان يىگىرمە بەش ياشلىق خۇشخۇي، بەرنا يىگىت ئىكەنلىكىڭىزنى تۇيۇقسىزلا بايقىغان ئىدىم! نېمىسىنى ئېيتاي، شۇ كۈندىن باشلاپ، بىزنىڭ بۇ بىنادىكى بىچارىلارچە ئۆتكەن پۈتكۈل بالىلىق ھاياتىمدا سىزدىن باشقا ھېچنەرسە مېنىڭ ئىشتىياقىمنى قوزغىمىدى، مەن كىچىك قىزلارنىڭ تەنتەكلىكى، تېگىگە يەتمەي قويماسلىقتەك تەرسالىقى بىلەن پەقەت سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا، پەقەت سىزنىڭ مەۋجۇتلىقىڭىزغىلا قىزىقاتتىم. مەن سىزنى، يۈرۈش - تۇرىشىڭىزنى ۋە سىزنى يوقلاپ كەلگۈچىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۈزىتەتتىم، سىزنى يوقلاپ كەلگۈچىلەرنىڭ خىلمۇ سىللىقى سىزنىڭ خاراكتېرىڭىزدىكى ئىككى خىللىقنى ئىسپاتلىغاچقا، بۇلار مېنىڭ قىزىقىشلىرىمنى بوشاشتۇرماقنىڭ ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچەيتەتتى. سىزنىڭ دوستلىرىڭىز كېلەتتى، –بەزىدە بىر توپ ياش يىگىتلەر سىز ئۇلار بىلەن روھلۇق كەيپىيات بىلەن كۈلۈشەتتىڭلار؛ بەزىدە

too innocent to know that the intense curiosity with which I watched and spied on you was already love.

'But I know exactly, my darling, the day and hour when my heart was lost to you for ever. I had been for a walk with a school friend and we were standing at the gate chatting. A car drew up, stopped, and you jumped from the running board in that impatient, buoyant way that thrills me about you even today, and made for the door. Instinctively I was impelled to open it for you and so I stepped in your path and we nearly collided. You looked at me with that warm, soft, covert expression, which was like a caress, smiled at me tenderly— yes, I can't put it any other way — and said in a very soft and almost intimate voice, "Thanks very much, young lady."

'That was all, darling; but from that moment when I met your gentle, caressing eyes, I was yours. Later, of course, it was not long before I discovered you look this way at every woman who passes by. You give them a glance intended to attract and trap them. It takes in everything they are wearing and at the same time strips them naked. It's the look of the born seducer. You give it to every shop girl who serves you, every maid who opens the door for you. It signifies little more to you than desire and curiosity, but it shows simply that your fondness for women quite unconsciously makes your expression caring and warm, when it is turned on them. But I, the thirteen-year-old child, did not suspect this: it was as though I had been plunged into fire. I thought the tenderness was for me alone, and at that moment the woman in me, the adolescent, awoke and that woman was yours for ever.

"Who was that?" my friend asked.

'I couldn't answer straightaway. It was impossible to speak your name. At that one, unique moment your name was already sacred, had become my secret. "Oh, some man who lives in house," I stammered awkwardly.

"Well, why did you go so red then when he looked at you?"

رەزگى كېيىنگەن ئوقۇغۇچىلار؛ ئاندىن بەزەن خانىملار ماشىنا بىلەن كېلىشەتتى؛ بىر قېتىم ھەتتا ئوپېرا ئۆمىگىنىڭ دىرېكتورى، كاتتا دىرىژور كەلگەندى، مەن ئۇنى بۇرۇن سەھنىدىكى ئورنىدا يىراقتىن كۆرگەن ئىدىم. يەنە سودا مەكتىۋىدە ئوقۇۋاتقان بىرمۇنچە قىزلار كېلەتتى، ئۇلار ئىزا تارتىشىپ غىپلا قىلىپ كىرىپ كېتەتتى. كېلىدىغان خوتۇن ـ قىزلار ئىنتايىن، ئىنتايىن كۆپ ئىدى. مەن بۇنىڭدىن ھېچبىر غەلىتىلىك ھېس قىلمايتتىم. ھەتتا بىركۈنى ئەتتىگەندە مەكتەپكە ماڭغان چېغىمدا، يۈزىگە قېلىن چۈمبەل تارتقان بىر خانىم سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىن چىقىپ كەلدى، بۇمۇ ماڭا غەلىتە تۇيۇلمىغان ئىدى. نېمىشكە دېسىڭىز مەن ئۇ چاغدا پەقەت ئون ئۈچ ياشتا بولغاچقا، بۇنداق قىزىقىش، ھەۋەسنىڭ دەل مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم.

«قەدىرلىكىم، مەن سىزنى پۈتۈنلەي ياخشى كۆرۈپ قالغان، سىزگە ئەبەدىيلىك ئاشىق بولۇپ قالغان ئاشۇ كۈن، ئاشۇ سائەت ھېلىھەم ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: شۇ كۈنى مەن بىر قىز ساۋاقدىشىم بىلەن بىردەم ئايلىنىپ كەلگەندىن كېيىن دەرۋازا ئالدىدا پاراڭلىشىپ تۇرۇپ قالدۇق. شۇ ئەسنادا بىر كىچىك ماشىنا كېلىپ توختىدى. شۇ چاغدا ماشىنىدىن جىددىي ۋە تاقەتسىزلىك بىلەن ئەپچىل سەكرەپ چۈشكەن ھالىتىڭىز ھازىرمۇ قەلبىمنى لەرزىگە سالىدۇ. سىز ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن مەن ئىختىيارسىز ھالدا دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىمەن دەپ سىزنىڭ يولىڭىزنى توسىۋالغاچقا، ئىككىمىز سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس قالدۇق. سىز شۇ چاغ نۇرلۇق، مۇلايىم، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تولغان كۆزلىرىڭىز بىلەن ماڭا قاراپ كۆيۈنگەندەك كۈلۈپ قويغىنىڭىزنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. پەقەت ئىچكي ھاياجاننى ئىپادىلىگۈچى كۈلۈمسىرەش بىلەن، بەكمۇ سىلىق، ئىنتايىن يېقىملىق تاۋۇش بىلەن: «كۆپ رەخمەت، كىچىك خېنىم» دېگىنىڭىزنىلا ئېيتالايمەن.

«پۈتۈن جەريان مانا شۇنداق، قەدىرلىكىم، لېكىن كۆزۈم سىزنىڭ مۇلايىملىق يېغىپ تۇرغان كۆز نۇرىڭىز بىلەن ئۇچراشقاندىن تارتىپ سىزگە ئەسىر بولۇپ قالدىم. كۆپ ئۆتمەي، سىزنىڭ بۇ كۆز نۇرىڭىز قارشى تەرەپنى قۇچاغلاپ، ئۆز يېنىغا تارتقاندەك، كىشىنىڭ جاسارىتىنىمۇ يوقۇتىۋېتىدىغانلىقىنى بايقىدىم. بۇ ھىسسىيات بىلەن تولغان، يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان تۇغما كۆز نۇرى ئىدى. سىز دۇكانلاردىكى ساتقۇچى ئاياللارغا، سىزگە ئىشىك ئېچىپ بەرگەن ھەر بىر ئايال خىزمەتچىگە ۋە يېنىڭىزدىن ئۆتكەن ھەر بىر ئايالغا ئاشۇنداق نەزەر تاشلايسىز، بۇنداق كۆز نۇرى سىزنىڭ جىسمىڭىزدا مۇھەببەت ۋە ھىسسىيات پەيدا بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتى، بەلكى سىزنىڭ ئاياللارغا بولغان مۇلايىملىقىڭىز، سىزنى ئۇلارنى كۆرۈش بىلەنلا كۆز نۇرىڭىزنى ئىختىيارسىز يېقىملىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. لېكىن مەن كىچىك بولغاچقا بۇنى نەدىن بىلەي، سىزنىڭ بايىقى تاتلىقنا كۈلۈمسىرىشىڭىزنى ماڭىلا، پەقەت ماڭىلا قارىتىلغان دەپ ئويلاپتىمەن. شۇڭا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئىچىدە مەندەك بىر نارېسىدە بىردىنلا ئايالغا، مەڭگۈ سىزگە مەنسۇپ بولغان ئايالغا ئايلاندىم.

‹كىم بۇ؟› دەپ سورىدى قىز ساۋاقدىشىم. مەن دەرھال جاۋاپ بېرەلمەي قالدىم. سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم. مۇشۇ سېكوند ئىچىدە، مۇشۇ بىردىن بىر

‘My friend teased me with all the mischievousness of an inquisitive child. And the thought that she was making fun of my secret made me blush even more. Feeling embarrassed, I was rude. “Stupid fool,” I said angrily: I would have liked to have strangled her. But she only laughed louder and more scornfully, until I felt the tears well up in my eyes with impotent rage. I felt her standing there and ran upstairs.

‘I have loved you ever since that moment. I know women have often told you they love you, you But believe me, no one has loved you pampered man! like devotion as the -as slavishly, with such dog creature I was, and have always been. Nothing on earth equals the unseen, hidden love of a child, because it is so without hope, so servile, so submissive, so observant and intense as the covetous and unconsciously demanding love of a grown woman never is. Only lonely children can maintain their passion completely. The others rid themselves of emotion by chattering with their companions; they smooth it away in confidences. They have heard and read so much about love and know it is the fate of all. They play with it, as though it were a toy, they boast of it like boys with their first cigarette. But I had no one in whom to confide. No one advised or warned me; I was inexperienced and unsuspecting; I fell headlong into my destiny as into an abyss. Everything that grew and blossomed within me centered trustfully on you, and the dream of you. My father had long been dead; my mother was a stranger to me with her everlasting, wretched depression, and worries about her pension. corrupted schoolgirls repelled me, as they -The half played so unscrupulously with what was to me the ultimate passion. And so I turned everything that would normally have scattered and divided, towards impatiently -you — my whole concentrated and ever growing personality. You were to me — how shall I put in? No comparison is good enough — you were indeed everything, my whole life. Nothing existed unless it related to you. My whole existence made sense only if it was connected with you. You transformed my whole life. Until then apathetic and only average in school, I suddenly came first. I read a thousand books far into the night, because I knew you

سېكوند ئىچىدە سىزنىڭ ئىسمىڭىز يۈرىكىمنىڭ قېتىدىكى تەڭداشسىز ۋە مۇقەددەس ئىچ سىرىمغا ئايلاندى.

«بىزنىڭ بىنادا ئولتۇرىدىغان بىرسى بولمامدۇ»، – دېدىم ئاغزىم گەپكە كەلمەي كېكەچلەپ.

— خوش، ئەمىسە نېمىشقا ئۇ بىر قاراپ قويسا قىزىرىپ كېتىسەن؟ –دېدى ئۇ يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىۋالدىغان قىزلارنىڭ ئادىتى بويىچە مەسخىرە ۋە تەنە قىلىپ. ئۇنىڭ مەسخىرىسى خۇددى كۆڭلۈمدىكى سىرىمنى ئېچىۋەتكەندەك تۇيۇلۇپ، قېنىم يۈزۈمگە ئۇرغۇدى. مەن ئوڭايسىزلانغىنىمدىن ئۇنى بوغۇۋەتكۇدەك يەرگە يېتىپ، «كالۋا» دەپ زەردەم بىلەن دوق قىلدىم. لېكىن ئۇ تېخىمۇ كۈلۈپ، ئەزۋەيلىگەن هالدا مەسخىرە قىلىۋەردى. ئاخىرى غەزەپتىن كۆزلىرىمگە ياش تولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولماي يۇگۇرگەنچە يوقۇرىغا چىقىپ كەتتىم.

«مۇشۇ سېكوندتىن باشلاپ مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئايالالارنىڭ سىزدەك ئەركە يىگىتلەرگە دائىم مۇشۇ سۆزنى دەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. لېكىن ئىشىنىڭكى، هېچقانداق ئايال سىزنى ماڭا ئوخشاش قۇللارچە، ئىتتەك ساداقەت بىلەن جانۋارلارچە ياخشى كۆرگەن ئەمەس، هېلىهەم شۇنداق. دۇنيادا هېچقانداق نەرسە كىچىك قىزنىڭ كۆرۈنمەس، يوشۇرۇن مۇهەببىتىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ، چۈنكى، بۇ تاماسىز، سەبى، قۇللارچە ئىتائەتمەن، هارارەتلىك مۇهەببەت بولۇپ، بالاغەتكە يەتكەن ئايالالارنىڭ ئاچكۆز، ئاڭلىق تاماخور مۇهەببىتىگە زادى ئوخشىمايدۇ. پەقەت غېرىپ باللارلا بارلىق قىزغىن هېسسىياتىنى يىغالايدۇ. باشقا كىشىلەر ئىختىمائىي ئالاقە جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇهەببىتىنى قالايمىقان سەرپ قىلىپ تۈگىتىۋېتىدۇ: ئۇلار دائىم مۇهەببەت هەققىدە پاراڭ ئاڭلايدۇ، مۇهەببەت هەققىدە يېزىلغانلارنى ئوقۇيدۇ، ئۇلار مۇهەببەتنىڭ هەممە ئادەمنىڭ تەقدىرىدە ئورتاق دۇچ كېلىدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئادەتتە مۇهەببەتنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرىدۇ. ئۇلار گويا ئوغۇل باللار بىرىنچى تال تاماكىنى چەككەنلىكى بىلەن كۆرەڭلىگەندەك، ئۆزلىرىنىڭ مۇهەببەت سەرگۈزەشتلىرىنى كۆز - كۆز قىلىشىدۇ. ئەمما، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتىپ بەرگۈدەك كىشىممۇ يوق ئىدى. ماڭا يول كۆرسىتىدىغان، مېنى ئاگاهلاندۇرىدىغان هېچكىم يوق ئىدى؛ مەن قىلچىلىك تەجرىبەممۇ يوق، شۈبهە - ئېهتىياتمۇ قىلماستىن قىسمىتىم چوڭقۇرلۇقىغا بېشىمچىلا كىرىپ كەتتىم. قەلبىمدە هەممە ئىش هەمدە چۈشۈممۇ سىزگە بولغان ئىشەنچنى مەركەز قىلىپ كۆكلەيتى. دادام ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەچكە، ئاپامنىڭ كۈنبويى دىلى سۇنۇق، چىرايى تۈتۇق، چەكسىز، ئېغىر خاپىغانلىقى ۋە نەپىقە پۇلىدىن ئەنسىرەپلا يۈرىشى بىلەن ماڭا خۇددى يات كىشىدەكلا ئىدى. ئاز - تولا يولدىن چىققان ئوقۇغۇچى قىزلارنىڭ مۇقەددەس تۇيغۇلىرىم بولغان مۇهەببەتنى ئەخلاقسىزلىق بىلەن ئويۇنچۇق قىلىۋېلىشى مېنى سەسكەندۈرەتتى. بۆرۈنقى چېچىلىپ كەتكەن بارلىق هېسسىياتىمنى –مەركەزلەشتۈرۈپ، تاقەتسىز رەۋىشتە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان خۇلقۇمنى سىزگە قاراتتىم. سىز مېنىڭ (نېمە دەپ تەرىپلىسەم بولىدىكىن؟ هېچ ئوخشىتىش يېتەرلىك ئەمەس)

loved books. Much to my mother's astonishment I began to practice the piano with almost mulish tenacity, because I thought you were fond of music. I mended and pressed my clothes, just so that I would look neat and pleasing to you; I thought it terrible that my school overall (it was made out of one of my mother's dresses) had a hand side. I was -square patch inserted on the left afraid you might notice it and despise me. So I always covered it with my satchel when I ran up the stairs, trembling with fear in case you saw it. But how silly that was: you hardly ever looked at me again.

'But I, on the other hand, really did nothing all day but wait and watch for you. There was as hole in our door and through this -small brass peep round hole it was possible to see your door. That hole — no, don't laugh, darling, even today I -peep am not ashamed of the hours I spent! — was my eye on the world outside. During those months and years I sat whole afternoons there in the icy hall on the alert, a book in my hand, afraid my mother would be suspicious. I was like a taut string, vibrating if your presence touched it. I was always tense and agitated whenever I was near you, but you could no more have carried in your pocket. It patiently counts the hours for you in the darkness and ticks them off, accompanying you on your way with inaudible heartbeats, and you give it only a quick glance once in a million ticking seconds. I knew all about you, knew all your habits, all your suits and ties. I knew and soon made distinctions between your various friends and divided them into those I liked and disliked. From the time I was thirteen until I was sixteen my every hour was yours. Oh, what follies I committed! I kissed the handle your hand had touched, I picked up a -door cigarette and you had thrown away in the entrance,

ھەقىقەتەنمۇ بارلىقىم، پۈتۈن ھاياتىم ئىدىڭىز. سىزگە مۇناسىۋەتلىك بولماستىن ھېچنەرسە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتى. مېنىڭ بارلىق مەۋجۇدىيىتىممۇ سىز بىلەن باغلانغاندىلا ئاندىن ھېس قىلىناتتى. سىز مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىمنى ئۆزگەرتىۋەتتىڭىز. بۇرۇن مېنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇشۇم ياخشىمۇ ئەمەس، يامانمۇ ئەمەس، نورمال ئىدى، ھازىر بىر سەكرەپلا پۈتۈن سىنىپ بويىچە بىرىچى بولۇپ قالدىم؛ مەن تەشنالىق بىلەن نۇرغۇن كىتاپلارنى ئوقۇۋەتتىم. دائىم يېرىم كېچىگىچە ئوقۇيتۇم. بىلەتتىمكى، سىز كىتاپنى ياخشى كۆرەتتىڭىز. مەن بىردىنلا قەيسەرلىك بىلەن پىئانىنو چېلىش مەشقىنى باشلاپ، ئاپامنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرىۋەتتىم، چۈنكى سىزنى مۇزىكىنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ ئويلايتىم؛ سىزنىڭ زوقىڭىزنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن كىيىملىرىمنى دائىم تۈزەپ، دەزماللاپ، پاكىز يۇرىدىغان بولدۇم. مەن كونا ئوقۇغۇچىلىق ساراپانىم (ئۇ ئاپامنىڭ كىيىمىنى ئۆزگەرتىپ تىكىلگەن ئىدى)نىڭ سول تەرىپىدىكى تۆرت چاسا ياماقتىن بىزار بولاتتىم. مەن سىزنى مۇشۇ ياماقنى كۆرۈپ قېلىپ مېنى ياراتماي قويمىسۇن، دەپ دائىم پەللەمپەيدىن چىققۇچە سومكام بىلەن شۇ يەرنى توسۇۋالاتتىم ۋە بۇ ياماقنى كۆرۈپ قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەپ، قورقىنىمدىن تىترەپ كېتەتتىم. لېكىن بۇ نەقەدەر ساددىلىق ئىدى - ھە! سىز شۇ قېتىمدىن باشقا بىر قېتىممۇ ماڭا تىكىلىپ قاراپ قويمىدىڭىز.

«لېكىن مەنچۇ، مەن كۈن بويى ھېچ ئىش قىلماي سىزنى كۈتەتتىم. سىزنىڭ ھەربىر ھەركىتىڭىزنى كۈزىتەتتىم. بىزنىڭ ئۆينىڭ ئىشىكىدە كىچىككىنە مارىغۇچ (تۆشۈك) بولۇپ، بۇ مارىغۇچتىن ئۇدۇل سىزنىڭ ئىشىكىڭىزنى كۆرگىلى بولاتتى، بۇ مارىغۇچ مېنىڭ دۇنيانى كۆرىدىغان كۆزۈم ئىدى –ئاھ، قەدىرلىكىم، سىز كۈلمەڭ، ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاشۇ مارىغۇچ ئالدىدا ئۆتكۈزىۋەتكەن سائەتلىرىم ئۈچۈن خىجىللىق ھېس قىلمايمەن. مەن ئاشۇ ئايلار ۋە يىللار داۋامىدا مارىغۇچ ئالدىدا، مۇزدەك كارىدوردا يېرىم كۈن - يېرىم كۈنلەپ سىزنى كۈتەتتىم، ئاپامنىڭ گۇمانسىراپ قالماسلىقى ئۈچۈن قولۇمغا كىتاپ ئېلىۋالاتتىم. مەن خۇددى چىڭ تارتىلغان تارغا ئوخشاپ قالغانىدىم، بۇ تار سىزنىڭ كۆرۈنىشىڭىز بىلەنلا تىترەشكە باشلايتى. مېنىڭ يۈركىم باشتىن - ئاخىر سىزگە يېقىنلىقتىن جىددىيلەشتى، سىز ئۈچۈن سوقتى. لېكىن سىز خۇددى يانچۇغىڭىزدىكى سائەتنىڭ چىكىلدىشىنى سەزمىگەندەك بۇلارنى قىلچە سەزمەيتىڭىز. بۇ سائەت پىنھاندا تۇرۇپ تاقەت بىلەن سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى سانايتى. ئۇنىڭ ئاڭلانماس چىكىلدىشى نەگە بارسىڭىز سىزگە ھەمرا ئىدى. ئاشۇ توختىماي ئۆتۈۋاتقان مىليونلىغان سېكوندلار ئىچىدە سىز ئۇنىڭغا بىر قېتىم مۇنداقلا قاراپ قويدىڭىز. سىزنىڭ ھەممە ئىشىڭىزنى، ھەربىر تۇرمۇش ئادىتىڭىزنى مەن بىلەتتىم؛ ھەربىر گالىستۇكىڭىز، ھەر بىر قۇر كىيىمىڭىز، ھەممە دوستلىرىڭىز ماڭا تونۇشلۇق ئىدى. دوستلىرىڭىزنى تونۇش بىلەنلا قالماي، ئۇلارنى يەنە پەرقلەندۈرۈپ، مەن ياخشى كۆرۈدىغان ۋە ياخشى كۆرمەيدىغان ئىككى خىلغا ئايرىپمۇ ئالغان ئىدىم. مېنىڭ ئون ئۈچتىن ئون ئالتە ياشقىچە بولغان ھاياتىمنىڭ ھەر بىر سائىتى سىزگە تەئەللۇق بولغانىدى.

and it was sacred to me because your lips had touched it. In the evenings I ran down into the street a hundred times, on any pretext, to see in which of your rooms the light was burning, and so be party to your invisible presence. And during the weeks you were away — my heart always stopped with anguish when I saw John faithfully carrying your yellow traveling bag outside — in those weeks my life was desolate and without meaning. I went about sullen, bored and bad-tempered and had to take care all the time that Mother did not notice how my eyes were red with crying and from that see my despair.

‘I know I am telling you about childish follies, extravagant over-enthusiasm. I ought to be ashamed of them but I am not ashamed, for my love for you was never purer and more passionate than at the time of those childish excesses. I could tell you for hours, for days, how I lived with you then. You scarcely knew me by sight, for if I met you on the stairs and could not avoid you, I ran past with my head lowered, afraid of meeting your ardent look, like someone jumping into water to avoid being scorched by fire. I could tell you about those long-since vanished years of yours for hours, for days on end, and unroll the entire calendar of your life; but I won’t bore you, won’t distress you. I’ll confide to you only the most wonderful experience of my childhood; and please don’t deride me because it is such a small thing. To me, as a child, it was of infinite importance. It must have been on a Sunday. You were away and your manservant was pulling the heavy carpets, which he had been beating, through the open door of the flat. The good fellow found it hard work and in a fit of rashness I went over and asked if I could help. He was astonished but let me do it, and so — if only I could find words to tell you with what awe-struck indeed devout reverence — I saw the of your flat. I saw your world, the writing-table at

‘It was late; we had finished eating. At the restaurant door you asked me if I was in a hurry or not. How could I conceal from you that I was ready to give myself to you! I said I plenty of time. Then you asked me, after a moment’s hesitation, if I would come home with you and talk. It was a foregone conclusion, feeling as I did, that I said, “With pleasure.” I noticed at once that my prompt acceptance affected you somehow; you were either embarrassed or pleased. Anyway, you were visibly surprised. Of course, today I understand your astonishment. I know now it is usual for a woman, although she has a burning desire to give herself to a man, to hide her willingness, to feign alarm or indignation, which will only be calmed by urgent entreaties, lies, protestations and promises. I know that perhaps only professional prostitutes or naïve adolescents agree so readily to such an invitation. How could you know that for me it was only the outward expression, the outburst, of longing accumulated over a thousand lonely days? In any case, however, you were attracted and I began to interest you. As we walked along, talking, I felt you were somehow appraising me speculatively. Your instinct, your magically certain instinct about human nature, told you at once there was something unusual, some mystery, about this pretty, trusting girl. Your curiosity was awakened and I was aware from your indirect, searching questions, how you wanted to

يادىڭىزدا تۇتىشىڭىز كېرەككەن؟ مەن ناھايىتى ئاز گەپ قىلدىم. سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئولتۇرۇپ گېپىڭىزنى ئاڭلاش مېنى بەختىنىڭ يوقۇرى چېكىگە يەتكۈزگەن ئىدى. مەن سوئال سوراش، ئەخمىقانە سۆھبەتلەر بىلەن بىرەر سېكونتنىمۇ ئىسراپ قىلىشۋەتكۈم كەلمەيتى. مۇشۇ بىر سائەتلىك ۋاقىت ئۈچۈن سىزگە رەخمىتىم چەكسىز. قىزغىن ھۆرمىتىمنى نەقەدەر تولۇق قازاندىڭىز ـ ھە. نەقەدەر يۇمشاق، نەقەدەر چېچەن، نەقەدەر پاراسەتلىك، تامامەن ئۆزىنى تۇتىۋالالايدىغان، تەنتەك، يېڭىلتەكلىكتىن خالى، نەقەدەر تەمكىن ئىدىڭىز ـ ھە. ھەتتا مەن بۇرۇنلا ئۆزەمنى پۈتۈن يۈرۈكۈم ۋە روھىم بىلەن سىزگە ئاتىغان بولساممۇ، دەسلەپ كۆرۈشكەندىلا ئىپادىلىگەن ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچ، قەدىناسلىق مېنى ئەسىر قىلىۋالغان ئىدى. ئاھ ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە، سىز مېنى بالىلارچە كۈتكەنلىرىمدىن ئويغاتماي، قانداق بىر ئالۋاستىنى قوغلىۋەتكەنلىكىڭىزنى بىلىڭىز ئىدى.

«كەچ كىرگەندە بىز ئاشپۇزۇلدىن چىقتۇق. ئاشپۇزۇل ئىشىكىدە مېنىڭ ئالدىراش ياكى ئەمەسلىكىمنى سورىدىڭىز. سىزگە ئۆزەمنى تاپشۇرۇشقا تەييار ئىكەنلىكىمنى قانداقمۇ يوشۇرالاي! مەن خېلى كۆپ ۋاقتىم بارلىقىنى ئېيتتىم. سىز سەل ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆيىڭىزگە بېرىپ بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا رايىمنى سورىدىڭىز. بۇ كۈتۈلگەن نەتىجە ئىكەنلىكىنى ھىس قىلغان ئىدىم ۋە دېدىم: «خوشاللىق بىلەن». شۇئان سەزدىمكى،مېنىڭ بۇنداق تېز ماقۇل بولۇشۇمدىن ئوڭايسىزلاندىڭىزمۇ ياكى خوشال بولدىڭىزمۇ، ئىشقىلىپ تاسادىپىيلىك ھىس قىلدىڭىز. ئەلۋەتتە، ھەيران قېلىشىڭىزنىڭ سەۋەبىنى بۈگۈن چۈشەندىم. ئەمدى بىلدىمكى، ئاياللار ئۇنداق چاغلاردا دائىم تۈيۈقسىز تۇرغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشى، يالغاندىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەندەك ياكى باسالمىغاندەك بولىۋېلىشى، ئەمەلىيەتتە ئەرلەرگە ئۆزىنى تاشلاشقا ئالدىرىغان تەقدىردىمۇ، چوقۇم ئەر كىشىنىڭ قايتا ـ قايتا يالۋۇرۇپ، يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى قىلىپ، قەسەم ئىچىپ، خىلمۇ ـ خىل ۋەدىلەرنى بېرىشىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاچچىقلىنىشىنى ناز بىلەن خوشاللىققا ئايلاندۇرىشى كېرەك ئىكەن. ماڭا مەلۇم، پەقەت ناز بىلەن كىشلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى كەسىپ قىلغان ئاياللار ۋە پاھىشە ئاياللارلا بۇنداق تەكلىپنى شەرتسىز ھالدا قوبۇل قىلىدۇ، ئۇندىن باشقا سەبى، ساددا، تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن قىزلارلا شۇنداق قىلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ مەن ئۈچۈن بىردىن بىر ئوچۇق ئىپادە ئىكەنلىكىنى، مىڭلىغان كۈنلەر ۋە تۈنلەر داۋامىدا بۈگۈنگىچە توپلانغان سېغىنىشنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى ئىكەنلىكىنى نەدىنمۇ بىلەتتىڭىز. ئىشقىلىپ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال مۇنداق بولغان ئىدى: سىز بىردىنلا مەپتۇن بولدىڭىز ۋە مەن بولسام سىزگە قىزىقىشقا باشلىدىم. بىز بىرلىكتە كېتىۋاتقاندا بولسا بىر تەرەپتىن ماڭا گەپ قىلىپ، بىر تەرەپتىن ھەيرانلىق بىلەن يەر ئاستىدىن ماڭا قاراپ تەخمىنەن باھالاپ باقتىڭىز. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى ھەققىدىكى توغما ئىقتىدارىڭىز، سېھىرىگەرلەردەك ئىقتىدارىڭىز سىزگە شۇئانلا بۇ تۇمۇچۇقتەك، ئىشەنچلىك قىز ھەققىدە نىمىنىڭدۇر ئادەتتىكىدىن باشقىچە ئىكەنلىكىنى، بۇ ئارىدا مەلۇم بىر سىر بارلىقىنى ئۇقتۇردى.

discover the secret of this mystery. But I was evasive. I preferred to appear stupid rather than reveal it.

‘We went up to your flat. Forgive me, darling, when I say that you can’t understand what that path, those stairs meant to me _ how it disturbed me, such rapture, and such frantic, agonizing happiness _ I nearly died. I can scarcely think of it now without crying; and I have no more tears. I only felt that every object there was steeped in my love. Everything was an emblem of my childhood and my longing: the gate, where I waited for you thousands of times; the stairs, which taught me to recognize your step and where I first saw you; the peephole, through which I spent my very soul looking for you; the mat in front of your door where I knelt; the click of the key at which I always sprang up from my vigil. My whole childhood, all my passion, was centered on those few square yards. My whole life was there. And now it broke over me like a storm: I had achieved everything _ everything _ and I was going with you _ you and I together _ into your home, our home. Just think of it _ it sounds banal, but I don’t know how else to say it _ outside your door lay reality, that dreary daily round that had been my whole existence; and at your door the magic kingdom of childhood began _ Aladdin’s Cave. Just think _ that door, that threshold I now crossed with a feeling of intoxication, I had gazed at it a thousand times, with eyes aglow _ and you will have an inkling, but only an inkling _ you will never completely understand, my darling _ what that tumultuous moment cost me.

‘I spent the whole night with you. You had no idea that until then no man had touched me, caressed my body or seen it. But how could you possibly have suspected that, darling, since I offered you no resistance? I suppressed all modesty, all hesitation, only to prevent you from guessing the secret of my love for you, as you would certainly have been alarmed. You care only for the superficial, the frivolous, the inconsequential. You are afraid of becoming involved in anyone’s destiny. You want to

قىزىقىشىڭىز ئويغانغانلىقىنى، سىزنىڭ بۇ سىرنىڭ پەخپىيتىنى ئېچىشنى نەقەدەر خالاۋاتقىنىڭىزنى ئايلاندۇرۇپ سورىغان چېكىپ بېقىش تىپىدىكى سوئاللىرىڭىزدىن بىلىپ تۇردۇم. بىراق مەن ئۆزەمنى قاچۇردۇم. دۆتىرەك كۆرۈنۈشكە تىرىشتىم.

«بىز بىرلىكتە يوقۇرى قەۋەتكە چىقىپ هوجرىڭىزغا كىردۇق. مېنى كەچۈرۈڭ، قەدىرلىكىم، مەن سىزگە بۇ كارىدور، بۇ بىنا پەللەمپىيى، ماڭا قانداق تۇيغۇ بەخش ئەتكەنلىكىنى — مېنى قانداق مەپتۇن قىلغانلىقىنى، قانداق بىئارام بولغانلىقىمنى، قانداق ئەسەبىيلەشكەنلىكىمنى، قانچىلىك چىدىغۇسىز ئازاپ بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بەخت ئىچىدە قالغانلىقىمنى — ئۆلەيلا دەپ قالغىنىمنى دېسەم چۈشىنەلمىسىڭىز كېرەك. بۇلارنى كۆز يېشى قىلماستىن ئويلىيالمايتىم، ئەمدى كۆز يېشىممۇ قۇرۇپ پۈتتى. بۇ يەردىكى هەر بىر نەرسە ئىشقىم بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. هەممە نەرسە بالىلىق دەۋرىمنىڭ ۋە ئۈمىدلىرىمنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن: بۇ دەرزازا تۈۋىدە سىزنى كۈرمىڭ قېتىم كۈتكەن ، بۇ پەللەمپەيدە دائىم سىزنىڭ ئاياق تىۋىشىڭىزنى ئوغۇرلۇقچە ئاڭلىغان؛ ئۇ يەردە مەن سىزنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن، مانا بۇ مارىغۇچتىن مارىلاۋېرىپ، مادارىمدىن كەتكۈچە سىزنى ئىزدىگەن؛ ئىشىگىڭىز ئالدىدىكى پۇت سۈرتكۈچكە تىز چۆكۈپ ئولتۇرغان؛ قۇلۇپتا ئاچقۇچ شاراقلىسا هەمىشە «كېچىلىك قاراۋۇللۇق»ۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەنلىرىم. مېنىڭ پۈتكۈل بالىلىق دەۋرىم، ئوتتەك قىزغىن مۇهەببىتىم مۇشۇ بىرنەچچە كۋادرات گەز ئارىلىقتا ئۆتكەن. مېنىڭ پۈتۈن هاياتىم شۇ يەردە ئىدى. شۇ تاپتا بولسا بۇ قۇيۇندەك بېسىپ كەلگەن قىسمەت مېنى ئەقلىمدىن مەهرۇم قىلماقتىدى. مەن هەممىگە، هەممىگە ئېرىشكەنىدىم، هەمدە سىز بىلەن —سىز ۋە مەن بىرلىكتە —سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە، ئۆيىمىزگە كىرىپ كەلدۇق. شۇنى ئويلاپ كەتتىمكى، بۇ ئادەتتىكى ئىشتەك تۇرسىمۇ، بىراق باشقا نېمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن — ئىشىكىڭىزنىڭ سىرتىدا يېتىش، بۇ زېرىكەرلىك كۈندىلىك دەۋر قىلىش مېنىڭ پۈتكۈل مەۋجۇدىيىتىم، سىزنىڭ ئىشىكىڭ بولسا، بالىلىقىمدىن تارتىپلا سىرلىق پادىشاهلىق — ئالائىددىننىڭ غارى بولۇپ قالغانىدى. ئويلاپ بېقىڭ، بۇ ئىشىك — هازىر مەن مەس - ئەلەس هالدا كىرىشكە باشلىغان ئىشىك — كۈرمىڭ قېتىملاپ تەلمۈرۈپ باققان بولغىيدىم — مۇشۇ جۇشقۇن مىنۇتلارنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك قىممەتكە توختىغىنىنى سىز هەرگىزمۇ تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيسىز، قەدىرىكىم.

«پۈتۈن كېچىنى سىز بىلەن ئۆتكۈزدۇم. بۇندىن بۇرۇن بىرمۇ ئەركىشى قولۇمنىڭ ئۈچىنى تۇتۇپ باقمىغانلىقىنى، بەدىنىمنى سىلاپ ياكى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرمىدىڭىز. مەن سىزگە ئازراقمۇ قارشىلىق بىلدۈرمىگەن تۇرسام بۇنى بىلىشىڭىز مۇمكىنمۇ، قەدىرلىكىم؟ سۆيگۈم هەققىدىكى سىرىمنى پەرەز قىلىپ قالمىغاي دەپ، بارلىق تارتىنىش ۋە ئىككىلىنىشلىرىمنى بېسىۋالغان ئىدىم، بولمىسا سىز چۆچۈپ كەتكەن بولاتتىڭىز. سىز پەقەت يۈزەكى، پارچە - پۇرات، مەنتىقىسىز نەرسىلەردىن بىزار ئىدىڭىز. باشقا بىرىنىڭ قىسمىتىگە ئارىلىشىپ

squander yourself on everyone, on the whole world; and to accept no sacrifice. If I tell you now, darling, that I was a virgin when I gave myself to you, I implore you, don't misunderstand me! I'm not complaining. You didn't entice me, deceive me, seduce me _ I forced myself on you, threw myself into your arms, went out to meet my fate. Never, never will accuse you. No, I shall always be grateful to you, for how rich that night was for me, how it sparkled with pleasure, how blissful it was when I opened my eyes in the darkness and knew you were by my side. I felt so much as if I were in heaven that I was surprised not to find the stars all around me. No, I have never regretted it, my darling, never wished those hours undone. I only know that as you slept, as I heard you breathing and felt your body and mine so close, I wept for joy in the darkness.

'In the morning I hurried away early. I had to go to work and, besides, I wanted to be away before your man came. I didn't want him to see me. When I stood there, dressed to go out, you took me in your arms and looked at me intently; was it a faint and distant memory that stirred in your mind, or was it that, because I was so happy, you thought I looked beautiful? Then you kissed me. I freed myself gently from your embrace and was ready to leave. You then asked, "Would you like to take some flowers with you?" I said I would. You took four white roses from the blue crystal vase on the writing-table (how I knew that vase from the one glance I stole in childhood!) and gave them to me. I kissed them for days on end.

'We had first arranged another evening together. I came to your flat, and again it was wonderful. You gave me a third night. Then you said you had to go away _ oh how I had hated those journeys, from my childhood on! _ and you promised to tell me as soon as you returned. I gave you a *poste restante* address _ I didn't want to give you my real name. I kept my secret. On parting, you gave me roses again _ on parting!

'Every day for two weeks I asked _ but no, what's the point of describing to you the agony of waiting, of despair? I'm not complaining. I love you as you are, passionate and forgetful, generous and unfaithful. I

قىلىشتىن قورقاتتىڭىز. سىز ئۆزىڭىزنى ھەركىم ئۈچۈن، دۇنيادىكى ھەممە كىشىگە ئىسراپ قىلىشنى خالايتىڭىز؛ قۇربان بېرىشنى قوبۇل قىلمايتىڭىز. ئەگەر ھازىر مەن سىزگە ئۆزەمنى تاپشۇرغان چېغىمدا تېخى يۇزى ئېچىلمىغان قىز ئىدىم، دېسەم، يالۋۇرىمەنكى، مېنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، قەدىرلىكىم. مەن سىزنى ئەيىپلىمەكچى ئەمەس. سىز مېنى يولدىن چىقارغان، ئالدىغان، قايمۇقتۇرغان ئەمەس، مەن ئۆزەمنى مەجبۇر قىلىپ، ئۆزەمنى سىزنىڭ قوينىڭىزغا تاشلىدىم، پىشانەمدىكىنى كۆردۈم. مەن ئەبەدىل ـ ئەبەد سىزنى ئەيىپلىمەيمەن. ئەكسىچە، مەڭگۈ مىننەتدارمەن، چۈنكى بۇ كېچە مەن ئۈچۈن نەقەدەر مول تۈيغۇلۇق، بەخت بىلەن پارلىغان كېچە بولغانىدى، قاراڭغۇلۇقتا كۆزلىرىمنى ئاچقىنىمدا يېنىمدىلىكىڭىزنى تۇيماق نەقەدەر بەخت ئىدى ـ ھە. ئۆزەمنى گويا خەننەتتىكىدەك ھىس قىلاتتىمكى، ئەتراپىمنى مېنى ئوراپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ يوقلىقىدىن ھەيران ئىدىم. مەن ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن، قەدىرلىكىم، بۇ سائەتلەرنىڭ ئاخىرلىششىنى ھەرگىز ئۈمىد قىلغىنىم يوق. سىز ئۇخلاپ ياتىسىز، مەن سىزنىڭ نەپىسىڭىزنى ئاڭلاپ، تېنىڭىزنىڭ تېنىمگە يېقىنلىقىنى ھىس قىلىپ، بەختتىن يىغلىۋەتكەنلىكىمنىلا بىلىمەن.

«ئەتىسى سەھەردە كېتىشكە ئالدىرىدىم. ئىشقا بارمىسام بولمايتى، ھەمدە خىزمەتكارىڭىز كىرىشتىن بۇرۇن كېتىۋالاي دېدىم. مەن ئۇنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايتىم. مەن كېيىنىپ بولۇپ تۇرۇۋشۇمغا سىز مېنى تەكرار قۇچاغلاپ باغرىڭىزغا باستىڭىز ھەم زەڭ قويۇپ قارىدىڭىز؛ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى غۇۋا بىر ئەسلىمە يۈرىكىڭىزنى دولقۇنلاتتىمۇ ياكى مېنىڭ گۈزەللىكىم سىزنى ھاياجانغا سالدىمۇ؟ ئاندىن سۆيۈپ قىيدىڭىز. مەن قوينىڭىزدىن ئاستاغىنە ئۆزەمنى سۇغۇرۇپ چىقىپ مېڭىشقا ھازىرلاندىم. شۇ چاغدا سىز مەندىن: «بىرنەچچە تال گۈل ئېلىۋېلىشنى خالىمامسىز؟» دەپ سورىدىڭىز. خالايمەن، دېدىم. سىز يېزىق ئۈستىلىدىكى كۆك رەڭلىك كىرىستال لوڭقىدىن (كىچىك ۋاقتىمدا سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە ئوغۇرلۇقچە قارىغىنىمدىن بىرى بۇ لوڭقا ماڭا تونۇش ئىدى) تۆرت تال ئاق ئەتىرگۈلنى سۇغۇرىۋېلىپ ماڭا بەردىڭىز. كېيىن مەن بىرنەچچە كۈنلەرگىچە شۇ گۈللەرنى سۆيۈپ يۈردۈم.

«ئاۋال بىز باشقا بىر كېچىسى بىللە بولۇشنى ئورۇنلاشتۇرىۋالغان ئىدۇق. مەن ئۆيىڭىزگە باردىم ۋە بۇ كۈنىمۇ شۇنداق گۈزەل ئۆتتى. سىز ماڭا ئۈچ كېچىڭىزنى ئاتا قىلدىڭىز. ئاندىن سىز سەپەرگە چىقىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز (مەن بالىلىق دەۋرىمدىن باشلاپلا سىزنىڭ ساياھەتكە چىقىشىڭىزنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرەتتىم)، سىز قايتىپ كەلگەن ھامانلا ماڭا خەۋەر بېرىشكە ۋەدە قىلدىڭىز. مەن سىزگە پوچتا ساندۇقۇمنى ئېيتىپ بەردىم، ھەقىقى ئىسمىمنى ئېيتىپ بەرگىم كەلمىدى، سىرىمنى يوشۇردۇم. ئايرىلىدىغان چاغدا (ئايرىلىدىغان چاغدا!) سىز يەنە بىرنەچچە تال ئەتىرگۈلنى بەردىڭىز.

«ئىككى ھەپتىنىڭ ھەر كۈنىسىدە سوراپ تۇردۇم، ئەمما يوق، كۈتۈش ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ دەھشەتلىك ئازابىنى نېمە دەپ تەسۋىرلىسەم بولىدىكىن؟ مەن سىزنى ئەيىپلىمەيمەن. مەن سېنىڭ شۇنداقلىقىڭنى، ھىسسىياتچان ۋە ئۇنۇتقاقلىقىڭنى؛ سېخى ۋە

love you exactly as you have always been and as you still are. You had been back a long time. I saw it from your lighted windows. You didn't write to me. I have no letters from you to red in my final hours, not a line from you, to whom I gave my life. I waited, in desperation, but you didn't send for me. Not a line did you write… Not a line…

‘My child died yesterday _ he was your child, too. He was your child, too, darling, conceived on one of those three nights: I swear it, and one doesn't tell lies in the shadow of death. It was our child, I give you my solemn word, and for no man touched me from the time I gave myself to you until the child was wrested from my womb. Your touch sanctified me. How could I possibly have shared you, who were the entire world to me, with others who only lightly brushed against my life in passing? He was our child, darling, the child of my conscious love and your carefree, abundant, almost instinctive embraces; our child, our son, our only child.

‘You will ask now _ perhaps you are shoked, perhaps merely surprised _ you ask, my darling, why I concealed this child from you all these years. Why do I tell you about him only today, as he lies here sleeping in the darkness, asleep forever, about to leave me for ever, never return? But how could I have told you? You would never have believed me, the eager stranger who was all too willing to spend three nights with you and offered no resistance in giving herself. Yes, obviously willing. You would never have believed that the nameless woman of a fleeting encounter was to you _ to you, who were unfaithful. You would never have accepted the child as your own without misgivings. Even if what I said might have seemed plausible you would never have been able to put aside the secret suspicion that I was trying to foist another man's child on you, because you were wealthy. You would always have been suspicious of me. There would have been a shadow, a dreadful, hovering shadow of mistrust between us. I wouldn't have wanted that. Besides, I know you. I know you so well, perhaps better than you know yourself. I know it would have been embarrassing for you, who prefer love to be carefree, superficial and frivolous, suddenly to find you were a father, immediately responsible for another life. The real you can breathe only while you are free and you would have felt somehow restricted with me. You

يېڭىلتەكلىكىڭنى ياخشى كۆرگەن ئىدىم. مەن دەل شۇنداقلىقىڭىزنى سۆيۈپ قالغان ئىدىم، هازىرمۇ شۇنداق. سىز ئاللىنۇۋاق قايتىپ كەلگەن ئىدىڭىز. مەن بۇنى دېرىزىڭىزنىڭ يورۇقلىقىدىن كۆرگەنىدىم. سىز ماڭا خەت يازمىدىڭىز. ئاخىرقى سائەتلىرىمگىچىمۇ سىزدىن، پۈتۈن هاياتىمنى بەرگەن كىشىمدىن هېچ خەت — هەتتا بىر قۇر بولسىمۇ –تاپشۇرىۋالمىدىم. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كۈتتۇم، بىراق سىز ئەۋەتمىدىڭىز. بىرقۇرمۇ يازمىدىڭىز،... بىر قۇرمۇ...

«مېنىڭ بالام تۈنۈگۈن ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ هەم سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئىدى. ئۇ سىزنىڭمۇ ئوغلىڭىز ئىدى، قەدىرلىكىم، ئاشۇ ئۈچ كېچىدىن بىرىنىڭ مەهسۇلى. قەسەم قىلىپ بېرىمەنكى، كىشى ئەجەل شەپە بېرىۋاتقان چاغدا هەرگىز يالغان ئېيتمايدۇ. ئۇ بىزنىڭ بالىمىز ئىدى، سىزگە جىددىي سۆز بېرىمەنكى، مەن سىزگە ئۆزەمنى تاپشۇرغاندىن تارتىپ تاكى بالا جىسمىمدىن ئاجرىغىچە هېچقانداق ئەركەككە قولۇمنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزمىدىم. سىزنىڭ تېگىشىڭىز مېنى مۇقەددەسلەشتۈرىۋەتكەن ئىدى. پۈتۈن دۇنيانى بەرگەن تەقدىردىمۇ مەن قانداق باشقا ئەركەكلەر بىلەن سىزنى ئورتاقلاشتۇرىشىم مۇمكىن، هەتتا پەقەت مۇنداقلا سىيلاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىش بولغان تەقدىردىمۇ؟ ئۇ بىزنىڭ بالىمىز ئىدى، قەدىرلىكىم، مېنىڭ ئىختىيارى مۇهەببىتىم ۋە سىزنىڭ خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرمىگەن، تولۇپ ـ تاشقان، تەبىئىي قۇچاقلىشىڭىزدىن بولغان، بىزنىڭ بالىمىز، بىزنىڭ ئوغلىمىز، بىزنىڭ بىردىن بىر بالىمىز.

«بەلكىم (ئېهتىمال چۆچۈپ ياكى پەقەت هەيران بولۇپ) بۇ بالىنى شۇنچە يىللاردىن بېرى نېمىشكە سىزدىن يوشۇرغانلىقىمنى سورارسىز، قەدىرلىكىم. نېمىشكە ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتكەندە، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەندە، مەندىن ئايرىلىپ، كەلمەسكە كەتكەندە ئاندىن بۈگۈن سىزگە دەيمەن؟ بىراق، قانداقمۇ سىزگە دېيەلەيمەن؟ سىز ماڭا –ئۆزى خالاپ سىز بىلەن ئۈچ كېچىنى ئۆتكۈزگەن، هېچ قارشىلىق قىلماستىن ئۆزىنى سىزگە تۇتقان يات بىرسىگە –هەرگىز ئىشەنمەيتتىڭىز. شۇنداق، ئېنىق هالدا ئۆزى خالىغان. ئىسمىنى بىلمىگەن بىر ئايالنىڭ كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىتتا ئۆتۈپ كەتكەن (سەن بىلەن، سىز يېڭىلتەك بىلەن ئۆتكۈزگەن)كەچۈرمىشىگە هەرگىز ئىشەنمەيتتىڭىز. بالىنى يۈرەكلىك هالدا مېنىڭ دېيىشكە هەرگىز قوشۇلالمايتتىڭىز. مېنىڭ سۆزلىرىم راستەك تۇيۇلغان ئەهۋالدىمۇ، سىز يەنىلا گۇمان قىلىپ: «مېنىڭ باي ئىكەنلىكىمدىن، باشقا بىرىنىڭ بالىسىنى ماڭا ئارتماقچىمۇ، نېمە» دېگەن گۇماننى نېرى قىلالمايتتىڭىز. مەندىن هەمىشە شۈبهىلىنىدىغان بولۇپ قالاتتىڭىز. بۇ بولسا ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا قورقۇنۇچلۇق بىر كۆلەڭگە، گاڭگىراتقۇچى كۆلەڭگە پەيدا قىلىپ، ئىشەنچسىزلىك تۇغدۇراتتى. مەن بۇنى ئىستىمەيتتىم. بۇندىن باشقا مەن سىزنى بىلىمەن. مەن سىزنى ناهايىتى ياخشى بىلىمەن، بەلكىم ئۆزىڭىزدىن ياخشىراق بىلىمەن. مەن سىزنىڭ مۇهەببەتتە كۆڭۈل ئازادىلىك، خۇشال ـ خۇرراملىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى، غەم ئەندىشىسىز ئويۇن ـ تاماشاغا ئامراقلىقىڭىزنى، ئۇشتۇمتۇتلا دادا بولۇپ قالسىڭىز يەنى بىردىنلا باشقا بىر كىشىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن مەسئۇل بولۇپ قالسىڭىز،

would have hated me for this obligation _ yes; I know you would _ against your own conscious will. I would have been an encumbrance and you would have hated me, perhaps only for an hour or two, or perhaps only for fleeting moments, but in my pride I wanted you to think of me all your life without being worried. I preferred to take everything on myself rather than be a burden to you; to be the only one among all your women you always think of with affection and gratitude. But, to be sure, you have never thought of me. You have forgotten me.

‘I’m not complaining, my darling. No, I’m not complaining. Forgive me if a drop of bitterness occasionally falls from my pen. My child _ ours _ lies here dead beneath the flickering candles. I have shaken my clenched fists at God and called Him murderer; my feelings are so confused and perplexed. Excuse the lamentations; forgive me! I am well aware you are a good man and helpful at heart. You help anyone who asks you, even the remotest stranger. But your generosity is so peculiar. It lies open to anyone who can take it, as much as a man can carry. Your generosity is large, infinitely large, but it is _ excuse me _ it is lazy. It has to be asked for, has to be taken. You help if someone calls for help, requests it. You help from a sense of guilt, from weakness, and not gladly. Let’s be honest about it _ you don’t like needy and the afflicted any more than you do your companions in good fortune. And people like you, even the most charitable, are difficult to ask for help.

‘Once, when I was still a child, looking through the peephole, I saw how you gave something to a beggar who had rung your doorbell. You gave promptly, and indeed generously, even before he asked, but you handed it to him with a certain anxiety and haste; so that he would go away again quickly. It was as though you were afraid to look at him. I have never forgotten your uneasy, reticent way of helping, retreating from being thanked. That’s why I’ve never turned to you. Of course, I knew you would have stood هەرقاچانby me at the time even without being certain it

چوقۇم مەزىسىزلىك ھېس قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. ئەمەلىيەتتە سىز پەقەت ئەركىن بولغىنىڭىزدىلا نەپەس ئالالايدىغان كىشى، قانداقتۇر مەن تۇپەيلى چەكلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىڭىز. بۇ مەجبۇرىيەت تۇپەيلى ئىرادىڭىزگە قارشى ھالدا مېنى ئۆچ كۆرۈپ قالاتتىڭىز، شۇنداق، سىزنى بىلىمەن، شۇنداق بولاتتى. مېنىڭ كاشىلام تۇپەيلى بولغان ئۆچلىكىڭىز بەلكىم پەقەت بىر ياكى ئىكى سائەت ياكى پەقەت بىرنەچچە مىنۇت بولىشى مۇمكىن، ئەمما مېنىڭ غورۇرۇم سىزنىڭ مېنى ئۆمۈر بويى، ھېچ ئەندىشىسىز ئويلىشىنى ئىستەيدۇ. مەن بارلىق ئاقىۋەتلەرنى يالغۇز ئۈستۈمگە ئېلىشقا رازىمەنكى، سىزگە يۈك بولۇشنى خالىمايمەن؛ بارلىق باردى ـ كەلدى قىلغان ئايالىرىڭىز ئىچىدە دائىم مۇھەببەت ۋە تەشەككۇر تۇيغۇسى بىلەن ئويلايدىغان بىرى بولۇشنى ئىستەيتىم. بىراق، ئېنىنمەنكى،سىز ئەزەلدىن مېنى ئويلاپ باققان ئەمەس. مېنى ئۇنۇتقان سىز.

«مەن سىزنى ئەيىپلىمەكچى ئەمەسمەن، قەدىرلىكىم، مەن سىزنى ئەيىپلىمەيمەن. بەزى چاغدا ئاچچىق سۆزلەر قەلىمىمدىن تۆكۈلۈپ كېتىپ قالغان بولسا كەچۈرىۋېتەرسىز. مېنىڭ بالام –بىزنىڭ بالىمىز –لىپىلدىغان شام ئاستىدا ئۆلۈپ ياتىدۇ. مەن مۇشتۇمۇمنى چىڭ تۈگۈپ خۇداغا شىلتىدىم ھەم ئۇنى قاتىل دېدىم؛ تىت ـ تىتلىق، گاڭگىراش ھېس قىلىۋاتىمەن. قارغىشلىرىمنى كەچۈرۈڭ، مېنى ئەپۇ قىلىڭ! سىزنىڭ چىن كۆڭلىڭىزدىن يارەمسۆيەر ياخشى كىشى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن. سىز يارەدەم سورىغان ھەرقانداق ئادەمگە، ئۇ مەيلى يىراق يات كىشى بولغان تەقدىردىمۇ يارەدەم بېرىسىز. ئەمما سىزنىڭ مەرتلىكىڭىز ئالاھىدىرەك. يارىدىمىڭىز ھەركىم ئۈچۈن ئوچۇق، كىم قانچىلىك ئېلىۋالسا ئېلىۋالىدىغان. سىزنىڭ ھىممىتىڭىز كەڭ، چەكسىز كەڭ، ئەمما ئۇ (كەچۈرىسىز) ھورۇن. ئۇنى سوراپ ئېلىش كېرەك، ھەركىم ئۆزى ئېلىشى كېرەك. سىزنىڭ يارىدىمىڭىز يارەدەم تەلەپ قىلغانلار ئۈچۈن، تەلەپ شۇ. سىزنىڭ يارىدىمىڭىز خۇشاللىق بىلەن ئەمەس، جىنايەت تۇيغۇسىدىن، ئاجىزلىقتىن. بۇ جەھەتتە سەمىمىي بولشىمىز كېرەك، سىز تەلەيلىك تەڭتۇشلىرىڭىزدىن نامراتراق بولۇشنى، كۆپرەك ئازاپ چېكىشنى ئىستىمەيسىز. كىشىلەرمۇ سىزگە ئوخشاش، ھەتتا بەك مېھماندوست بولغىنىڭىزدىمۇ، يارەدەم سوراشنى تەس كۆرىدۇ.

«بىر قېتىم، تېخى بالا ۋاقتىمدا، مارىغۇچتىن قاراپ تۇراتتىم، ئىشىكىڭىزنىڭ قوڭغۇرىقىنى چالغان تىلەمچىگە قانداق ھالەتتە بىر نەرسە بەرگىنىڭىزنى كۆرگەن ئىدىم. سىز ئىنتايىن تېز ھەم ھەقىقەتەندىمۇ سېخىيلىك بىلەن، ھەتتا ئۇ تېخى سورىماي تۇرۇپلا، ئالدىرىغان ھالدا ئۇنىڭ چاڭگىلىغا تۇتقۇزۇپ قويغان ئىدىڭىز؛ شۇڭا ئۇمۇ تېزلا كۆزدىنيوقالغان ئىدى. بۇ گويا ئۇنىڭغا قاراشتىن قورقىنىڭىزدەك بىلىنگەن ئىدى. سىزنىڭ باشقىلارغا يارەدەم قىلغان چاغدىكى گويا كىشىلەرنىڭ رەھمەت ئېيتىشىدىن قورققاندەك تەشۋىشلىك، ئۇن ـ تىنسىز تۇرقىڭىزنى ھېچ ئۇنۇتمىغان ئىدىم. نېمىشكە سىزگە بارمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىمۇ مانا شۇ. دۇرۇس، ھەتتا بۇ سىزنىڭ بالىڭىز ئىكەنلىكى رەسمىيلەشتۈرۈلمىگەن تەقدىردىمۇ سىزنىڭ ماڭا قۇلاق ئاسىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. ماڭا تەسەللىي بېرەتتىڭىز، پۇل بېرەتتىڭىز، نۇرغۇن پۇل بېرەتتىڭىز. بىراق، بۇ

was your child. You would have comforted me, given me money, plenty of money. But it would always have been only with concealed impatience to shake off an embarrassment. I think you would even have tried to persuade me to have an abortion. That was what I dreaded most _ for what would I not have done if you wanted it! How could I have refused you anything? But this child was everything to me. It was yours; it was you all over again: not the happy, carefree you whom I had no power to keep, but you given to me for ever _ so I thought _ implanted in my womb, bound up with my life growing in my blood; I would be able to nourish you, suckle you, cuddle you, kiss you, wherever my heart yearned to do so. You see, darling, that's why I was so happy when I had your child, and why I didn't tell you about it: because now you could never run away from me. I admit, darling, they were not months only of happiness, as I had anticipated in my mind. They were also months of grayness and torment, full of loathing for the baseness of mankind. It wasn't easy for me. I couldn't go to work in the later months in case my relatives became aware of my condition and sent the news home. I wouldn't ask my mother for money _ so I kept body and soul together until my time came by selling the few bits of jewelers I possessed. A week before the confinement a washerwoman stole my last few crowns from a cupboard, so I had to go to the maternity hospital. The child, your child, was born there _ in the midst of the squalor of penury _ where only the very poor, the outcast and forgotten drag themselves in their need. It was a deadly place: everything was alien, completely alien. We were strangers to one another, lying there in our loneliness, and hating each other thoroughly. We were thrown together only by misfortune, by the same anguish, in that stifling, overcrowded room full of screaming and moaning, chloroform and blood. I experienced there what degradation, what spiritual and physical shame has to stricken. I experienced it in -be endured by the poverty the company of prostitutes and the sick, who created

بۇ ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلۇشقا بولغان يوشۇرۇن تاقەتسىزلىك بىلەن بولاتتى. مېنىڭچە ھەتتا بالىنى چۈشۈرىۋېتىشكە ئۈندەيتىڭىز. مەن ئۇچۇن ئەڭ قورقۇنۇچلۇق بولغىنىمۇ شۇ ئىدى، ئەگەر سىزلا تەلەپ قىلىدىغان بولسىڭىز مەن نېمىلەرنى قىلمايتىم! سىزنىڭ تەلەپلىرىڭىزنى قانداقمۇ يەردە قويالايمەن؟ بىراق بۇ بالا مېنىڭ بارلىقىم ئىدى. ئۇ سىزنىڭ پۇشتىڭىز، سىزنىڭ تەكرارىڭىز: سىزنى –غەم ـ ئەندىشىدىن خالى، بەختلىك ئادەمنى بەربىر مەن ئۆز يېنىمدا تۇتۇپ قالالمايتىم؛ لېكىن، شۇئاندا سىز ماڭا مەڭگۈلۈككە – مەن شۇنداق ئويلايتىم –بېرىلگەن، ۋۇخۇدۇمغا قامالغان ئىدىڭىز، مېنىڭ قېنىم بىلەن بىرلىكتە ئۆسۈپ باراتتىڭىز؛ ئەمدى قاچان خالىسام شۇ چاغدا «سىز»نى باقىدىغان، ئېمىتىدىغان، باغرىمغا باسىدىغان، سۆيىدىغان بولغان ئىدىم. قاراڭ، قەدىرلىكىم، مانا بۇ نېمىشكە مەن بالىڭىزغا ھامىلدار بولغىنىمدا شۇ قەدەر خوشال بولغىنىمنىڭ سەۋەبى، شۇنداقلا نېمىشقا بۇ توغرۇلۇق سىزگە تىنمىشىمنىڭ سەۋەبى؛ ئەمدى قولۇمدىن ھېچيەرگە قاچالمايتىڭىز. شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، قەدىرلىكىم، بۇ كۈنلەر ئۈمىد قىلغىنىمدەك پەقەت بەختىيارلىق ئىچىدە ئۆتكىنىمۇ يوق. بۇ يەنە قورقۇنۇچ ۋە ئازاپقا، ئىنسانلارنىڭ پەسكەشلىكىگە قارشى ئۆچمەنلىككە تولغان ئايلار ئىدى. بۇ ماڭا ئاسان توختىغىنى يوق. ئاىرقى ئايلاردا ئىشقا بارالمىدىم، بولمىسا تۇققىنىمىز بىلىپ قالاتتى ۋە ئۆيگە خەۋەر بېرىپ قويىشى مۇمكىن ئىدى. ئاپامدىن پۇل سورىيالمايتىم، شۇڭا ئاي ـ كۈنۈم كەلگىچە ئاز ـ تولا زىننەت بويۇملىرىمنى سېتىپ تۇرمۇشۇمنى قامدىدىم. بىر ھەپتە ئىلگىرى ئاخىرقى بىرنەچچە تىللايىمنى كىرچى خوتۇن ئىشكاپتىن ئوغۇرلاپ كېتىپتۇ، شۇڭا مەن بىر تۇغۇت دوختۇرخانىسىغا بېرىپ تۇغۇشقا مەجبۇر بولدۇم. پەقەت ئىنتايىن نامرات، پاسكىنا، تاشلىۋېتىلگەن بىچارىلار، ئۇنتۇلغان سۆرەلمىلەرنىڭ بارىدىغان يېرى ئىدى؛ بالا، سىزنىڭ بالىڭىز مانا شۇ يەردە تۇغۇلدى. بۇ بىر جان ئالىدىغان يەر ئىدى، ھەممە نەرسە دۈشمەنلىككە تولغان، پۈتۈنلەي دۈشمەنلىككە تولغان ئىدى. ئۇ يەردە ياتقانلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە يات ئىدى، بىر بىرىمىزگە نەپرەتلەنگەن ھالدا، شۈمقۇشلارچە يالغۇز ياتاتتۇق. بىز شور پېشانىلىكىمىزدىن بۇ ئازاپقا تولغان، تىنجىق، نورمىدىن تاشقىرى ئادەم قاچىلانغان، ئاھۇ ـ پەرياد، ۋايساشلار بىلەن دورا ھەم قان پۇرىقىغا تولغان ياتاقلارغا بىرلىكتە تاشلانغان ئىدۇق. يوقسۇللار نائىلاجلىقتىن دۇچار بولىدىغان ھاقارەت ۋە روھىي ـ جىسمانىي جەھەتلەردىكى خورلۇقلارنىڭ ھەممىسىگە شۇ يەردە ئۇچرىدىم. مەن كېسەل، پاھىشە ئايالالار بىلەن ئەتىدىن كەچكىچە بىللە بولۇشتەك ئازاپنى كەچۈردۈم، ئۇلار ئورتاق تەقدىر ئىچىدىكىلەرگىمۇ پەسكەشلىك قىلاتتى؛ ئاسمان ئۆرۈلۈپ كەتسە چېۋىقىغا ئالمايدىغان ياش دوختۇرلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى بولمىغان ئايالالارنىڭ ئۈستىدىكى ئەديالىرىنى ئېچىۋېتىپ، بىر خىل ساختا ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇزدەك كۆلۈمسىرەپ، تەكشۈرىۋاتقان قىياپەتتىكى مىجىقلاشلىرىغا ۋە سېستراالارنىڭ ئاچكۆزلۈكىگە چىدىدىم. ئىھ كىشىنىڭ نومۇسى كىرىستقا مىخلانغان بولۇپ، كۆرۈلەتتى ھەم ھاقارەت يامغۇرىغا نىشان بولاتتى. كارتۇچكا بەلگە كىشىنىڭ ئىسمى

baseness out a common fate; in the cynicism of the young doctors who stripped the bedclothes off the defenseless women with an ironic smile and pretended to examine them scientifically; in the avarice of the nurses. Oh, there a person’s shame was crucified with looks and scourged with words. The chart with one’s name on it is the only indication that one still exists. For what lies in the bed is only a quivering piece of flesh to be handled by the inquisitive, an object to be exhibited and studied. Oh, women with husbands waiting lovingly for them to bestow children on the home, they don’t know what it means to give birth to a child alone, defenseless, as though you were being experimented on! And even today if I read the word “Hell” in a book, I can’t help thinking immediately of that slaughterhouse full of shame that overcrowded, steaming room, filled with groans, hysterical laughter and bloodcurdling screams, where I suffered.

‘Forgive me, forgive me for speaking of these things. I mention them only this once, but I shall never do so again. I have kept silent for eleven years and soon I shall be mute for all eternity. I had to proclaim it once, just once, how dearly I bought this child, who was all my joy and who now lies dead. I had already forgotten those hours. They were long forgotten in laughter, in the child’s voice, in my delight. But now that he is dead, the torment has come alive again, and I had to cry out to you from the depths of my soul just this once. But I’m not blaming you _ only God, only God, who made that torment futile. I swear I don’t blame you, and I have never risen up in anger against you. Even at the time my womb was contorted in labor, when my body burned with shame under the devouring gaze of the students, even at the moment when the pain rent my soul, I never accused you before God. I have never regretted those nights, never gainsaid my love for you. I have always loved you, always blessed the hour you came into my life. And if I had to go through the hell of those hours again, and knew in advance what awaited me, I would do it, my darling, not once but a thousand times!

‘Our child died yesterday _ you never knew him.

Your most casual glance never lighted on this small, human being, your creation, even in a blossoming

ئورنىدا ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ بىردىن بىر ئالامىتى ئىدى. كارۋات ئۈستىدە ياتقىنى قىزىققۇچىلار مىجىقلاپ ئوينايدىغان، كۆرگەزمە ۋە تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان مىدىرلاپ تۇرغان بىرپارچە گۆش ئىدى. ئاھ، ئۆيلىرىدە ئەرلىرىنىڭ مۇھەببەتلىك كۈتۈشى بىلەن ئۇلارغا ئۆيلىرىدە بالا تۇغۇپ بېرىدىغان خوتۇنلار، يالغۇزلۇقتا، باشپاناھسىز، تەجرىبە شىرەسى ئۈستىدە بالا تۇغۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ! ھەتتا مۇشۇ كۈندىمۇ مەن كىتاپلاردىن «دوزاق» دېگەن سۆزنى ئوقۇپ قالسام، كۆز ئالدىمغا دەرھاللا ئاشۇ قۇشخانا، نومۇسسىزلىققا تولغان، تىقما - تىقماق، تىنجىق كېسەلخانا، ئۇ يەردىكى ئىڭراش، نالە - زار ئاۋازلىرى، نورمالسىز كۈلكىلەر، قورقۇنۇچلىغىدىن بەدەن تىكەنلىشىپ كېتىدىغان كەچۈرمىشلىرىم كېلىدۇ.

«مېنى كەچۈرۈڭ، بۇلارنى سۆزلەپ ئولتۇرغىنىم ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىلىڭ. مەن بۇلارنى پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا دەيمەن، ئۇندىن كېيىن ھەرگىز دېمەيمەن. ئون بىر يىل سۈكۈت قىلدىم، ئەمدى مەڭگۈ ئۈنۈمنى چىقارمايمەن. مەن بۇلارنى بىر قېتىم، پەقەت بىرلا قېتىم، بۇ بالىغا قانچىلىك تەستە ئېرىشكەنلىكىمنى، ئۇنىڭ بارلىق خۇشاللىقىم ئىكەنلىكىنى، ئەمدى بولسا ئۆلۈپ ياتقانلىقىنى دەۋالاي. مەن ئۇ سائەتلەرنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدىم. ئۇلار بالىنىڭ كۈلكىسى ئىچىدە، بالىنىڭ ئاۋازى ئىچىدە، مېنىڭ بەختىيارلىقىم ئىچىدە بۇرۇنلا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىدى. بىراق ھازىر ئۇ ئۆلدى، ئازاپ تەكرار بېسىپ كېلىۋاتىدۇ، شۇڭا مەن ئىچ - ئىچىمدىن سىزگە مۇشۇ بىر قېتىملا يىغلىۋالاي. بىراق مەن سىزدىن ئاغرىنمايمەن، پەقەت خۇدادىن، پەقەت مۇشۇ ئارتۇقچە ئازاپلارنى ئاپىرىدە قىلغان خۇدادىنلا ئاغرىنىمەن. قەسەم قىلىمەنكى، سىزدىن ئاغرىنمايمەن، ئەزەلدىن ساڭا ئاچچىقىم كەلگەن ئەمەس. بەدىنىم ئاچچىق تولغاق دەستىدىن ئاغرىپ كەتكەن، جىسمىم تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ نەزەرلىرى ئاستىدا نومۇستىن كۆيۈپ كەتكەن، ھەتتا ئازاپ يۈرىكىمنى تىلغىۋەتكەن، پەيتلەردىمۇ سەندىن ئاغرىنغان ئەمەسمەن. ئاشۇ كېچىلەر ئۈچۈن ئەزەلدىن پۇشايمان قىلغان، ساڭا بولغان مۇھەببىتىمدىن تانغان ئەمەسمەن. مەن ھەمىشە سىزنى سۆيدۇم، سىز ھاياتىمغا كىرىپ كەلگەن سائەتلەرنى ئۇلۇغلىدىم. ناۋادا ئاشۇ سائەتلەر ئۈچۈن، ئاشۇنداق دوزاقتا قايتا چۈشۈش قىسمىتىگە دۇچ كەلسەم، قانداق ئازاپلارنى تارتىدىغانلىقىمنى ئالدىن بىلسەممۇ، مەن يەنە بىر قېتىم ئازاپ تارتىشقا رازى بولغان بولاتتىم، قەدىرلىكىم، يەنە بىر قېتىم، ھەتتا مىڭ قېتىم!

«بىزنىڭ بالىمىز تۈنۈگۈن ئۆلدى، سىز ئۇنى ھېچ بىلمەيتتىڭىز. سىز بەك تاسادىپىيمۇ بۇ كىچىك، گۈلدەك بەرق ئۇرۇپ تۇرغان ئوغۇلچاققا، ئۆزىڭىزنىڭ پۇشتىغا كۆز تاشلاپ باقمىغان ئىدىڭىز، ھەتتا غىل - پال كۆرۈشكىمۇ نېسىپ بولمىغانىدى. مەن بالا بولغاندىن كېيىن ئۆزەمنى چەتكە ئېلىپ ئۇزۇنغىچە سىزگە يولۇقمىدىم. سىزگە بولغان ئىنتىلىشىممۇ بۇرۇنقىدەك ئازاپلىق

fleeting chance meeting. I kept myself hidden from you for a long time as soon as I had the child. My longing for you became less painful. Indeed I think I loved you less ardently. At least I didn’t suffer so much from my love, once I had the gift of the child. I didn’t want to divide myself between you and him, so I didn’t give myself to you who were happy and out of my life, but to this child, who needed me. He had to be fed, and I could kiss him and take him in my arms. I appeared to have been rescued from the disturbance you caused me, from my fate, saved by this replica of you. Moreover, he was truly mine. Only seldom now, very seldom, were my emotions directed humbly towards your home. I did just one thing, though. I always sent you a bouquet of white roses on your birthday, exactly like those you gave me after our first night of love. Have you ever asked yourself, in the last ten, eleven years, who sent them? Have you remembered at all the girl to whom you once gave roses like those? I don’t know and never shall. It was enough for me to send them to you out of the blue; that once a year the memory of that hour should be allowed to flower.

‘You never knew our poor child. I blame myself now for keeping him from you, for you would have loved him. You never knew him, the poor boy, never saw him smile, when he gently opened his eyes, his dark, intelligent eyes _ your eyes! _ And then cast a bright, happy light over me, over all the world. Oh, he was so cheerful, so lovable: all your easy grace was like way. Your quick, lively -repeated in him in a child imagination was renewed in him. He could play with things for hours, totally absorbed, as you play with life, and then sit earnestly again, his brow furrowed, with his books. He grew more and more like you. He soon also began noticeable to develop that double blend of seriousness and frivolity so characteristic of you. And the more he resembled you, the more I loved him. He was a good pupil. He chattered away in French like a little magpie, and his exercise books were the neatest looking he was, how smart in -in the class. How good

بولمىدى. راستىنى دېگەندە سىزگە بولغان تەلۋىلەرچە مۇھەببىتىمۇ سۇسلىشىپ قالغان ئىدى. بالىنى سوغات قىلغىنىڭىزدىن كېيىن، ھېچ بولمىغاندا ئىشق ئازابىنى بەك تارتىپ كەتمىدىم. مەن كۆڭلۈمنى ئىككىگە بۆلۈپ، سىزگە ۋە ئۇنىڭغا بېرىشنى خالىمىدىم، شۇڭا بەربىر مېنىڭ تۇرمۇش ھاياتىمنىڭ سىرتىدا بولغان، بەختلىك (سىزگە) كۆڭلۈمنى بەرمىدىم، بىراق بۇ بالا ماڭا مۇھتاج ئىدى. ئۇ بېقىلىشى كېرەك ئىدى، مەن بولسام ئۇنى سۆيەلەيتىم ۋە باغرىمغا باسالايتىم. سىزنىڭ بۇ كوپىيەڭىز تۇپەيلىدىن مەن گويا سىزگە بولغان زارلىقىمدىن ۋە كۈلپەتلىك تەقدىرىمدىن قۇتۇلغاندەك كۆرۈنەتتىم. بولۇپمۇ، ئۇ شۈبھىسىز مېنىڭ ئىدى. پەقەت بەزى - بەزىدە كەيپىياتىم تەۋەززۇ بىلەن سىزنىڭ ئۆيىڭىز تەرەپنى ئىشارە قىلاتتى. پەقەت بىرلا ئىشنى قىلدىم: ھەر يىلى تۇغۇلغان كۈنىڭىز كەلگەندە، سىزگە ئىككىمىز ئامراقلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن بىرىنچى كېچىدىن كېيىن سىز ماڭا سوغا قىلغانغا ئوخشاش بىر دەستە ئاق ئەتىرگۈل سوغا قىلاتتىم. بۇ ئون بىر يىل ئىچىدە بۇ گۈللەرنى كىمنىڭ سوغا قىلىپ ئەۋەتىۋاتقانلىقىنى ئۆز ئۆزىڭىزدىن سوراپ باققانمىدىڭىز؟ بىر چاغلاردا ئۆزىڭىز مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ئەتىرگۈل سوغا قىلغان قىزنى ئەسلىدىڭىزمۇ؟ بىلمىدىم، ھەم بىلمەيمەن. يىلدا بىر قېتىم بۇ گۈللەرنى سىزگە يوشۇرۇن ئەۋەتىش بىلەن سىزنىڭ ھېلىقى ۋاقىتتا بولغان ئەسلىمىڭىزنى ئويغاتماقچى بولاتتىم، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كىپايە ئىدى.

«سىز بىزنىڭ بىچارە بالىمىزنى ھېچ بىلمىدىڭىز. ئەمدى ئۇنى سىزدىن يوشۇرغانلىقىمدىن ئاغرىنماقتىمەن، سىز ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالاتتىڭىز. سىز ئەزەلدىن بۇ بىچارە بالىنى، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىنى، قاپىغىنى يېنىككىنە ئېچىپ، ئاندىن ئەقىللىق قارا كۆزلىرى (سىزنىڭ كۆزلىرىڭىز!) بىلەن ماڭا ۋە پۈتۈن دۇنياغا يورۇقلۇق ۋە خوشاللىق نۇرىنى چاچقىنىنى كۆرمىدىڭىز. ئىھ، ئۇ نەقەدەر ئوچۇق، نەقەدەر سۆيۈملۈك ئىدى - ھە! سىزنىڭ خاراكتېرىڭىزدىكى ھەممە تەنتەكلىك تەركىپلىرى ئۇنىڭدا، ئۇنىڭ باللىق قىلىقلىرىدا تەكرارلىناتتى. سىزنىڭ چاپسان ۋە جانلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىڭىز ئۇنىڭ خاراكتېرىدا قايتا ئىپادىلەنگەن ئىدى: خۇددى سىز كىشىلىك ھاياتنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرگەنگە ئوخشاش، ئۇمۇ ئويۇنچۇقلارغا بېرىلىپ ئۇدا نەچچە سائەت ئوينايتى، ئاندىن قوشۇملىرىنى تۈرۈپ، كىتاپنى قولىغا ئېلىپ ئەستايىدىل ئوقۇشقا باشلايتى. ئۇ بارغانسېرى سىزگە ئوخشاپ باراتتى. ئۇنىڭدىمۇ سىزدىكى جىددىي، ئەستايىدىللىق ۋە خۇشچاقچاقلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئالاھىدىلىك روشەن تەرەققىي قىلدى. ئۇ سىزگە ئوخشىغانسېرى شۇنچە ياخشى كۆردۇم. ئۇ ياخشى ئوقۇغۇچى ئىدى. فىرانسۇزچە سۆزلەيدىغان بولسا خۇددى قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ كېتەتتى، ئۇنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرى سىنىپ بويىچە ئەڭ رەتلىك ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدىكى، قارا دۇخاۋا چاپىنىنى كىيگەندە ياكى ماترۇسچە ئاق كىيىم كىيگەندە شۇنداق چېچەن كۆرۈنەتتى. ئۇ قەيەرگە بارمىسۇن ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ باراتتى. ئۇنىڭ بىلەن گرېيدو ساھىللىرىنى ئايلىنىپ يۈرگىنىمىزدە، ئاياللار جايىدا توختاپ، ئۇنىڭ ئالتۇن

looking he was, how smart in his black velvet suit or always the best He was.jacket his little white sailor dressed wherever he went. When I walked with him along the beach at Grado, women stopped and stroked his long, fair hair. At Semmering, when he went tobogganing, people looked round after him admiringly. He was so handsome, so gentle, and so helpful. When he became a boarder at the Theresianum last year he wore his uniform and the boy _ now -century page-little sword like an eighteenth nothing on but his little nightshirt, the poor child, lying there with pale lips and folded hands.

‘But you will ask me perhaps how I could bring him up in such luxury, how I managed to allow him this lively, happy, well-to-do life. Dearest, I speak to you out of the darkness. I’m not ashamed. I will tell you. But don’t be shocked, darling _ I sold myself. I was not exactly what one calls a whore, a prostitute, but I sold myself. I had rich friends, rich lovers: at first I sought them out, then they sought me. I was _ did you ever notice it? _ very beautiful. Everyone to whom I gave myself grew fond of me, they all thanked me, they were all devoted, they all loved me _ all but you, all but you, my darling!

‘Do you despise me now because I have disclosed that I sold myself? No, I know you won’t despise me. I know you understand everything and will also understand I did it only for you, for your other self, for your child. In that room in the maternity hospital I had once experienced the horror of poverty. I knew that in this world the poor are always the downtrodden, the -under privileged, the victims, and no matter what the looking -cost I didn’t want your child, your bright, good child, to grow up down there in the dregs, the apathy and the vulgarity of the street, in the polluted air of a backyard. His gentle mouth should not learn the language of the gutter. His white skin should not know the rough, crumpled linen of the poor. Your child should have all the riches, all the comfort in the world; he should rise to your level, live in your world. For that reason, for that alone, my darling, I sold myself. It was no sacrifice for me, for what is generally called honor and dishonor meant nothing to me. You didn’t love me, you, the only one to whom my body belonged.

رەڭلىك چاچلىرىنى سىلايتى. سېممېرىڭدا چاڭغى تېيىلىپ ئوينىغاندا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قارىشاتتى. ئۇ شۇنچە چىرايلىق، شۇنچە زېرەك، شۇنچە ياردەمسۆيەر ئىدى. ئۆتكەن يىلى ئۇ دېرېسىئانۇمدا يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى بولغاندا مەكتەپ فورمىسىنى كىيىپ، شەمشەر ئېسىپ، خۇددى 18 ـ ئەسىردىكى ئوردا بالا ياساۋۇللىرىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى؛ ھازىر بولسا ئۇنىڭ ئۇچىسىدا كىچىككىنە كىچىلىك مايكىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق، بىچارە بالا، لەۋلىرى تاتىرىپ كەتكەن، قوللىرى يىغىلىپ قالغان ھالدا ئەنە ئۇ يەردە يېتىپتۇ.

«بەلكىم سىز مەندىن قانداق قىلىپ بالىنى باياشاد، جانلىق، بەختىيار، توقچىلىق تەل ھايات شارائىتىغا ئىگە قىلالىغانلىقىمنى سورارسىز. ئەڭ قەدىرلىك كىشىم، سىزگە ئەمدى قاراڭغۇ تەرەپلەرنىمۇ سۆزلەپ بېرەي. مەن ئىزا تارتمايمەن. ساڭا سۆزلەپ بېرىمەن. بىراق چۆچۈپ كەتمىگىن، قەدىرلىكىم، مەن تېنىمنى ساتتىم. مەن بىرى چاقىرسىلا كېتىۋېرىدىغان رەسمىي جالاپ، پاھىشە ئەمەس ئىدىم، ئەمما تېنىمنى ساتتىم. مېنىڭ باي دوستلىرىم، بايچەتچە ئاشنىلىرىم باردى. باشتا مەن ئۇلارنى ئىزدەپ بارغان ئىدىم، كېيىن ئۇلار مېنى ئىزدەيدىغان بولدى. مەن –دىققەت قىلىغانمىدىڭىزكىن –ناھايىتى چىرايلىق ئىدىم. مەن ئۆزەمنى بەرگەن ھەممىلا كىشى ماڭا ئامراق بولۇپ كېتەتتى، ماڭا تەشەككۈر ئېيتاتتى، ھەممىسى مەستانە ئىدى، ھەممىسى مېنى ياخشى كۆرەتتى؛ سىزدىن باشقا ھەممىسى، سىزدىن باشقا ھەممىسى، قەدىرلىكىم!

«ئېپپىتىمنى ساتقانلىقىمنى دېسەم ئەمدى مېنى پەس كۆرەرسىزمۇ؟ ياق، سىز مېنى پەس كۆرمەيسىز. ھەممىنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزنى، بۇنى سىزنى دەپ قىلغانلىقىمنى، باشقا بىر ئۆزىڭىزنى دەپ شۇنداق قىلغانلىقىمنى، بالىڭىزنى دەپ قىلغانلىقىمنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. ھېلىقى تۇغۇت دوختۇرخانىسىدىكى ياتاقتا كەمبىغەللىكنىڭ نەقەدەر قورقۇنۇچلۇق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدىم. دۇنيادا كەمبىغەللەر ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئاياق ئاستى قىلىشىغا، ھاقارەت قىلىشىغا ئۇچرايدىغان دائىمىي قۇربانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. نېمە بولسا بولسۇن مەن بالىڭىزنىڭ، نۇرلۇق، چىرايلىق بالىڭىزنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن قاتلامدا، مېھرى شەپقەتسىز، قوپال بولۇپ كوچىدا چوڭ بولىشىغا، ئارقا كوچىلاردىكى بۇزۇلغان ھاۋادا چوڭ بولىشىغا قاراپ تۇرالمايتىم. ئۇنىڭ چىرايلىق ئاغزىدىن سەت گەپلەرنىڭ چىقىشىغا، ئاپپاق بەدىنىگە گادايلارنىڭ پۇرلىشىپ كەتكەن قوپال كىيىملىرىنى كىيىشىگە چىداپ تۇرالمايتىم. سىزنىڭ بالىڭىز ھەممىگە ئىگە بولىشى، كىشىلىك دۇنياسىدىكى بايلىقلاردىن، ھەممە شاد ـ خۇراملىقتىن بەھرىمەن بولىشى، سىزنىڭ دەرىجىڭىزگە يېتىشى، سىزنىڭ دۇنياڭىزدا ياشىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، پەقەت مۇشۇ سەۋەپتىنلا، قەدىرلىكىم، مەن ئېپپىتىمنى ساتتىم. بۇ ئىش ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھېچ قۇربان بېرىش ھېساپلانمايدۇ، شەرەپ ۋە نومۇس دېگەنلەر مەن ئۈچۈن مەنىسىنى يوقاتقان. مەن پەقەت سىزگىلا مەنسۇپ ئىدىم، سىز— ئېپپىتىمنىڭ بىردىن ـ بىر ئىگىسى بولغان سىز مېنى سۆيمىگەن ئىكەنسىز، ئۇنداقتا ئېپپىتىمنىڭ نېمە بولىشى مەن ئۈچۈن بەرىبىر ئەمەسمۇ. ئەرلەرنىڭ سۆيگۈسى، ھەتتا چوڭقۇر ئىشقى ھىسسىياتىغا،

So I was indifferent to what happened to it. Men’s caresses, even their deepest passion, didn’t move me profoundly, although I had to respect some of them, and pity for their unrequited love often upset me when I thought of my own fate. They were all good to me, those I knew, they all pampered me, all respected me. There was one in particular, an elderly man, a titled widower, who loved me like daughter. He was the one who used his influence to have the fatherless child, your child, accepted for the Theresianum. Three or four times he asked me to marry him _ I could have been a counted today, mistress of an enchanting castle in the Tyrol, without a care in the world. For the boy would have had a kindly father who worshipped him loving, distinguished and -and I would have had a peace good man by my side. I didn’t do it: however much he pressed me, however much I hurt him by my refusal. Perhaps I was foolish, for had I accepted I would now be living a quiet, secure life somewhere, my beloved son with me, but _ why shouldn’t I admit it to you _ I didn’t want to bind myself. I wanted to be free, free for you all the time. Deep down I unconsciously continued to cherish the old childish dream that you would perhaps call me to your side again, even if only for an hour. And I threw everything away for the possibility of that one hour _ only to be free for you at your first call. Hadn’t my whole life, from the time I was awakened from childhood, consisted of nothing but waiting for your pleasure?

‘And that hour really came. But you didn’t know it; you didn’t suspect it, my darling! You didn’t recognize me! I often used to meet you earlier, in theatres, at concerts, in the Prater, in the street _ every time my heart jumped but you looked straight past me. I was certainly a different person outwardly; the shy child had become a woman, beautiful, they said, dressed in expensive clothes and surrounded by admirers. How could you recognize in me the shy girl in the subdued light of your bedroom? Sometimes one of the gentlemen I was accompanying would greet you. You would acknowledge him and look up at me, but

گەرچە مەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ھۆرمەت قىلساممۇ ۋە ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىسىمۇ، پىسەنت قىلىپ قويمايتتىم، ئۆز قىسمەتلىرىمنى ئويلىغان چېغىمدا ئۇلارنىڭ زېرىكتۈرگۈچى مۇھەببىتى ئاچچىقىمنى كەلتۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا مېھرىۋان ئىدى، مېنى ئەركىلىتەتتى، ھۆرمەت قىلاتتى. بولۇپمۇ يېشى چوڭراق بىرى ئاقسۆڭەكلىك دەرىجىسى بار بويتاق مېنى قىزىدەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇ دادىسىز بالىنىڭ، بالىڭىزنىڭ دېرېسىئانۇمغا كىرىپ ئوقۇشى ئۈچۈن ئۆز تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ يول ماڭغان بىردىن بىر كىشى ئىدى. ئۈچ ـ تۆرت قېتىم ماڭا توي قىلىش تەكلىۋى بەردى، بۈگۈنلەردە مەن تىرولدا كۆز قاماشتۇرىدىغان قەلئەنىڭ ئايال خوجايىنى بولۇپ، دۇنيادا ھېچنېمىدىن غېمىم بولمىغان بولاتتى. بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنىڭ مۇلايىم ۋە جاندىن ياخشى كۆرىدىغان دادىسى، مېنىڭ يېنىمدا بولسا خۇلقى ـ مىجەزى مۇلايىم، سۆيۈملۈك ئېرىم بولغان بولاتتى. ئۇ مېنى تەلىپىگە ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن خېلى قىستىدى، مەن ئۇنىڭ كۆڭلى قانچىلىك يېرىم بولىدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىڭغا تېگىشكە ئۇنىمىدىم. بەلكىم ئۇنى رەت قىلغىنىم ئەخمەقلىق بولغاندۇر، چۈنكى رەت قىلمىغان بولسام ھازىر بىر ئورۇندا خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋە ھىمايىگە ئېرىشكەن بولاتتىم ھەم بۇ كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان بالىمۇ مەن بىلەن بىللە بولاتتى، لېكىن –بۇنى نېمىشكە سىزگە دېمەسلىكىم كېرەككەن –ئۆزەمنى چۈشەپ قويۇشنى خالىمىدىم. مەن ئەركىن بولۇشنى، سىز ئۈچۈن ھەمىشە ئەركىن بولۇشنى خالايتتىم. يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە –يوشۇرۇن ئېڭىمدا – ئۆتكەن كۈنلەردىكى بالىلىق چۈشلىرىم تېخى بەرباد بولمىغان ئىدى: بەلكىم سىز مېنى يەنە بىر قېتىم يېنىڭىزغا چاقىرىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن ئىدى، ھەتتا بىر سائەتلىك بولسىمۇ. ئاندىن مەن ھەممىنى نېرى چۆرىۋېتىپ، ئېھتىماللىقى بولغان مۇشۇ بىر سائەت ئۈچۈن، پەقەت چاقىرغىنىڭىز ھامان يېتىپ بېرىش ئۈچۈن تۇرمۇش قۇرماسلىقىم كېرەك ئىدى. ئەجەبا، تاكى بالىلىق دەۋرىمدىكى تۇنجى ئويغۇنۇشۇمدىن تارتىپ، پۈتۈن ھاياتىم سىزنىڭ ئىرادىڭىزنى كۈتۈشتىنلا تەركىپ تاپقان ئەمەسمىدى؟

«ئاشۇ كۈتكەن سائەتلەر ھەقىقەتەنمۇ يېتىپ كەلدى. بىراق سىز بۇنى بىلمىدىڭىز، زادىلا سەزمىدىڭىز، قەدىرلىكىم! سىز مېنى تونۇمىدىڭىز! سەل ئاۋاللىرى مەن سىزنى تىياتىردا، ئويۇن كۆرۈۋاتقاندا پرېيتېردا ئۇچرىتىپ قالاتتىم، كوچىدا مېنىڭ يۈرەكلىرىم سېلىپ كېتەتتى، بىراق سىز تۈپ ـ تۈز قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتىڭىز. تاشقي جەھەتتىن قارىغاندا مەن ھەقىقەتەنمۇ باشقىلا ئادەمگە ئايلانغان ئىدىم؛ دېيىشلىرىچە، مەن تارتىنچاق بالىدىن ئايالغا، چىرايلىق ئايالغا ئايلانغان ئىدىم، ئۈستىۋېشىمدا قىممەتباھا كىيىملەر، ئەتراپىمنى خۇشتارلىرىم ئورىۋالغان. بۇ ھالدا قانداقمۇ مېنىڭ ئاشۇ ياتاقخانىڭىزدىكى غۇۋا چىراق يورۇقىدا تارتىنىپ تۇرغان گۈزەل

your glance was that of a polite stranger, one of approval but never of recognition, distant, terribly distant. Once _ I still remember it _ I felt real anguish at this lack of recognition, although I was almost used to it by that time. I was sitting in a box at the opera with a friend and you were in the next box. The lights were lowered for the overture. I couldn't see your face any more, but I felt your breath as close to me as I did that night we were together. Your hand, your delicate, gentle hand, rested on the velvet division between our boxes. And I was overcome by an infinite longing to bend forward and humbly kiss the hand I loved so much, whose gentle caress I had once felt, but which belonged now to a stranger. The music swirled excitedly around me, the craving became ever more powerful, and so intensely were my lips drawn towards your beloved hand that I had to take a grip on myself, tear myself forcibly away. After the first act I asked my friend to take me away. I couldn't bear it any longer, having you so distant and so near in the darkness.

'But the time came, once more, one last time in my shambles of a life. It was almost a year ago, on the day after your birthday. Strange: I had been thinking of you all day, as I always celebrated your birthday as a feast day. I had gone out very early in the morning and bought the white roses I sent you every year in memory of an hour you had forgotten. In the afternoon I drove with the boy to the café Demel and in the evening we went to the theatre. I wanted him also to feel that this day was some kind of mysterious, youthful holiday without, of course, his knowing its significance. The next day I spent with my lover of that time, a wealthy young manufacturer from Brünn, with whom I had been living for the previous two years. He worshipped me and spoiled me, and also wanted to marry me, as the other men did. I refused him as I refused the others, without any apparent reason, although he showered me and the child with gifts and was himself a lovable man, in his slightly dull, submissive kindness.

گۈزەل قىزچاق ئىكەنلىكىمنى تونۇيالايتىڭىز؟ بەزىدە مەن بىلەن بىللە كېتىۋاتقان ئەپەندىلەردىن بىرەرسى سىز بىلەن سالاملىشاتتى. سىز ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاچ ماڭا ھۆرمەت بىلدۈرەتتىڭىز، بىراق قاراشلىرىڭىز ئەدەپلىك ناتونۇش، ماختاشقا تولغان ئەمما ھېچ تونۇشمايدىغاندەك يىراق، قورقۇنۇچلۇق يىراق بولاتتى. بىر قېتىم – بۇ ھېلىمۇ ئېسىمدە –گەرچە دائىملىق ئىشتەك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ خىل تونۇماسلىقتىن قاتتىق ئازاپ چەككەن ئىدىم. مەن بىر دوستۇم بىلەن ئوپېرانىڭ لوژىسىدا ئولتۇراتتىم، سىز قوشنا لوژىدا ئولتۇردىڭىز. تەكلىپكە كۆرە چىراق بىر ئاز سۇسلاشتۇرۇلدى. مەن سىزنىڭ يۈزىڭىزنى كۆرەلمەي قالدىم، بىراق ئاشۇ كېچە بىللە بولغىنىمىزدا يېنىمدا ئاڭلاپ تۇرغاندەك، نەپىسىڭىزنى سېزىپ تۇردۇم. قولىڭىز، چىرايلىق، نازۇك قولىڭىز لوژىلىرىمىزنى ئايرىپ تۇرغان ماموۇق قوللۇق ئۈستىدە تۇراتتى. مەن ئۇچۇن بەكمۇ سۆيۈملۈك، ئىلگىرى بىر قېتىم ئۈستۈمدە سەزگەن بىراق ھازىر ياتلارغا مەنسۇپ بولغان بۇ قوللارغا سۆيۈش ئىستىكى شۇنداق كۈچلۈك بېسىپ كەلدىكى، ئۆزەمنى تۇتىۋېلىشقا ئاجىز ئىدىم. ياڭراپ تۇرغان مۇزىكا ئاۋازى يۈرەك تارلىرىمنى چېكەتتى، ئىستىگىم بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى، تولۇپ - تاشقان ئىشق لەۋلىرىمنى سىزنىڭ قوللىرىڭىز تەرەپكە تارتاتتى، مەن بارلىق كۈچۈمنى يىغىپ، جېنىمنىڭ بېرىچە تىرمىشىپ، ئۆزەمنى تۇتىۋالدىم. بىرىنچى پەردە ئاياقلاشقاندىن كېيىن، مەن دوستۇمغا كېتەيلى دەپ تۇرىۋالدىم. سىز ماڭا شۇنچە يېقىن يەردە تۇرسىڭىزمۇ، ئەمما قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ماڭا شۇنچە يات ئىدىڭىز، مەن زادىلا چىداشلىق بېرەلمىدىم.

«بىراق پۇرسەت يەنە كەلدى، يەنە بىر قېتىم كەلدى، مېنىڭ بۇ زايا كەتكەن ئۆمرۈمدىكى ئاخىرقى قېتىملىقى ئىدى. بۇ دېگۈدەك بىر يىل ئاۋال، سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىزنىڭ ئەتىسى. تووا، دەيمەن، پۈتۈن كۈن بويى سىزنى ئويلىغان ئىدىم، ھەمىشە تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى خۇددى بايرامدەك تەبرىكلەيتىم. مەن ئەتىگەندىلا سىرتقا چىقىپ، سىز ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن ئاشۇ سائەتلەرنى خاتىرلەتمەك ئۈچۈن ھەر يىلقىغا ئوخشاش ئاق ئەتىرگۈل سېتىۋېلىپ سىزگە ئەۋەتتىم. چۈشتىن كېيىن ئوغلۇم بىلەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ دېمېل قەھۋەخانىسىغا، ئاندىن ئاخشامدا تىياتېرغا باردىم. مەن ئۇنىڭ (گەرچە ئۇ بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلمىسىمۇ) كىچىكىدىن تارتىپلا بۇنىڭ بىر سىرلىق خاتىرە كۈن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئەتىسى، شۇ ۋاقىتتىكى ئەر دوستۇم بىلەن بىللە بولدۇم، برۈننىكى ياش فابرىكانت، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن ئىككى يىلدا بىللە ياشىغان ئىدىم. ئۇ ماڭا چوقۇناتتى ۋە مېنى ئەركىمگە قويۇۋەتكەن ئىدى، ماڭا چەكسىز كۆيۈنەتتى، ئۇمۇ باشقا ئەرلەرگە ئوخشاش مەن بىلەن توي قىلىشنىلا ئويلايتى. گەرچە ئۇ مېنى ۋە بالامنى سوغىلارغا كۆمۈۋېتىپ تۇرىدىغان، ئۆزىمۇ سۆيۈملۈك، ساددا ۋە تۆز، رايىش مۇلايىم بولسىمۇ، خۇددى باشقا ئەرلەرگە قىلغىنىمدەك، ئۇنىمۇ سەۋەپسىزلا رەت قىلغان ئىدىم.

We went together to a concert where we met some high spirited friends and we all had supper in a restaurant in the Ringstrasse. In the midst of the laughter and chatter there, I suggested we should go on to a dance hall, to the Tabarin. I usually loathed that kind of establishment, with its forced, alcohol-induced gaiety, like all “gallivanting”, and I normally always resisted such propositions. This time, however _ it was as though some inexplicable magic power within me suddenly led me despite myself to throw out the suggestion in the midst of everyone’s happy, agreeable excitement _ I had, all at once, an unaccountable desire, as if I felt something special awaited me there. Everyone stood up quickly, as usual ready to please me, and we went over to the dance hall and drank champagne. Swiftly I was overcome with a frenzied, almost physically painful exhilaration, such as I have never known. I drank one glass after another, joined in the singing of bawdy songs, and felt almost compelled to dance or shout for joy. But abruptly _ it was as though something icy cold or something burning hot at that instant touched my heart _ I was torn apart: you were sitting at the next table with some friends, watching me with an admiring and covetous look: that look that always stirred me to my innermost depths. For the first time in ten years you looked at me again with all the unconsciously passionate power of your being. I trembled. I nearly dropped the glass I had in my hand. Fortunately my friends round the table didn’t notice my confusion: they were lost in the noise of laughter and music.

‘Your look became more and more ardent and set me on fire. I didn’t know if you had finally recognized me at last; or did you desire me afresh as someone else, as a stranger? The blood rushed to my cheeks; I mindedly. It must have -answered my friends’ absent been obvious to you how your gaze disturbed me. With an inconspicuous movement of your head that my friends wouldn’t notice, you signaled to me to come out to the entrance hall for a moment. Then you paid the bill ostentatiously, took leave of your friends and departed; but not before you again gave a sign you would wait for me outside. I trembled as if I were cold, or in a fever. I couldn’t speak; I couldn’t control my quickened pulse. It so happened that two Negroes

«بىز بىرلىكتە كونسېرتقا بېرىپ، ئۇ يەردە بىر قىسىم روھى كەيپىياتى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان دوستلار بىلەن ئۇچراشتۇق، ئاندىن رىڭستراسستىكى بىر رېستۇراندا كەچلىك تاماق يېدۇق. كۈلكە پاراڭلار ئارىلىقىدا مەن تابارىندىكى تانسا زالىغا بارساق بولاتتى، دېگەن تەكلىپنى بەردىم. مەن ئادەتتە بۇنداق سورۇنلاردىن، هاراق ـ شاراپنىڭ كۈچى بىلەن سۈنئىي پەيدا قىلىنغان شادلىق سورۇنلىرىدىن بىزار ئىدىم، ئادەتتە مەن ھەمىشە بۇنداق يەرلەرگە بېرىش تەكلىۋىنى رەت قىلاتتىم. بۇ قېتىم، قانداقتۇر، چۈشىنىپ بولمايدىغان سىرلىق كۈچ ھەممەيلەننىڭ خوشال ـ خۇررام، ئېچىلىپ يېيىلىپ ئولتۇرغان پەيتىدە قايپەلدىنلا مۇشۇنداق تەكلىپ بېرىشكە قىستىغان ئىدى، ئۇ يەردە نېمىدۇر بىر ئالاھىدە نەرسە مېنى كۈتۈپ تۇرغاندەك تەخىرسىز ئىستەك مېنى ئىلكىگە ئالغان ئىدى. ھەممەيلەن دەرھال ھەمىشەمكى سىزنىمدىن چىقمايدىغان ئادەت بويىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، بىز تانساخانىغا بېرىپ شامپان ئىچىشتۇق. بىردىنلا مەن ئەسەبىيلەرچە، جىسمانىي ئازاپ دېگۈدەك خوشاللىقنىڭ ئىلكىدە قالدىم، بۇنداق بىر ئەھۋال ئىلگىرى ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى. مەن ئارقا ـ ئارقىدىن قەدەھ كۆتۈرۈپ، شەھۋانىي ناخشىلارغا قوشۇلۇپ بىللە ئېيتتىم ۋە تانسا ئوينىغۇم ياكى ۋارقىراپ ھوزۇرلانغۇم كېلەتتى. بىراق، تۇيۇقسىزلا گويا نېمىدۇر مۇزدەك ياكى نېمىدۇر چوغدەك بىر نەرسە دەرھاللا يۈرىكىمگە تەككەندەك بولدى، تۇرۇپ كەتتىم: سىز قوشنا شىرەدە بىرمۇنچە دوستلىرىڭىز بىلەن ئولتۇرغان ئىكەنسىز، ھەۋەس ۋە ئاچكۆزلۈك بىلەن ماڭا قاراۋاتتىڭىز، بۇ قاراش ھەرقاچان يۈرىكىمنىڭ قات ـ قېتىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋېتەتتى. ئو يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئىختىيارسىز ھالدا تولۇپ ـ تاشقان ئىشقىي كۈچىڭىز بىلەن تىكىلمەكتە ئىدىڭىز. مەن تىترەپ كەتتىم. قولۇمدىكى ئىستاكان چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى. ياخشىكى، شىرە ئەتراپىدىكى دوستلىرىم مېنىڭ ھودۇقۇشلىرىمنى بايقىماي قالدى، ئۇلار شاۋقۇن ـ سۈرەن، كۈلكە ـ پاراڭ ۋە مۇزىكا ئىچىدە ئەسلىرىنى يوقۇتۇپ قويغان ئىدى.

«قاراشلىرىڭىز بارغانسېرى ئوت بولۇپ يېنىپ، مېنى كۆيدۈرۈۋېلاۋەتتى. سىز ئاخىرى مېنى تونۇدىڭىزمۇ ياكى يات ئايال، يېڭى بىر ئەمەك دەپ ئىنتىلدىڭىزمۇ بىلەلمىدىم. قېنىم ئۇرغۇپ مەڭزىمگە چىقتى؛ دوستلىرىمنىڭ گەپلىرىگە كۆڭلۈم جايىدا بولمىغان ھالدا جاۋاپ بېرەتتىم. كۆز نۇرىڭىزنىڭ مېنى شۇ قەدەر ساراسىمىگە سېلىۋەتكەنلىكىدە گەپ يوق. سىز باشقىلارغا بىلىندۇرمەي يەڭگىل باش لىڭشىتىپ، ئالدى زالغا چىقىشىمنى ئۇقتۇردىڭىز، ئارقىدىنلا قەستەن ئاشكارە ھەركەتلەر بىلەن ھېساۋاتىڭىزنى قىلىپ، ئاندىن ھەمرالىرىڭىز بىلەن خوشلىشىپ، مېڭىشتىن بۇرۇن سىرتتا مېنى كۈتىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ يەنە قايتا ئىشارە قىلمىدىڭىز. توڭۇۋاتقاندەك ياكى زوكام تەككەندەك بەدىنىم شۈركىنەتتى. ئاغزىم گەپكە كەلمەيتى، ھاياجىنىمنى بېسىۋالالمايتىم. بەختىمگە يارىشا شۇ چاغدا بىر جۈپ نېگىر ئۇسۇلچىسى پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، پاقىلدىتىپ، ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ، بىر خىل غەلىتە، يېڭىچە ئۇسۇل ئويناشقا چۈشۈپ،

began at that moment an unusual new dance, clattering their heels and uttering shrill cries. Everyone turned to look at them and I took advantage if it. I stood up, told my friends I'd be back soon and went out to you.

'There you stood in the entrance hall, in front of the cloakroom, waiting for me. Your face lit up as I arrived. You hurried towards me with a smile. I saw immediately that you didn't recognize me, neither the child of long ago nor the young girl. Once again you approached me as a new, unknown person. "Haw you an hour to spare for me too?" you asked me confidentially. I felt from the certainty of your manner you took me for one of those women who could be bought for an evening.

"Yes," I said, agreeing in the same tremulous and yet matter-of-course affirmative way as the young girl of more than decade before in that darkened street.

"When could we meet, then?" you asked.

"Whenever you like," I replied _ I was shameless where you were concerned. You looked at me a little surprised, with the same suspicious curiosity as on the earlier occasion when the promptness of my consent had astonished you.

"What about now?" you asked, a little hesitantly.

"Yes," I said, "all right."

'I was about to go to the cloakroom to fetch my coat when it struck me that my friend had the ticket for both our coats, which had been handed in together. It wasn't possible to go back and ask him for it without a proper excuse. On the other hand, I had no wish to sacrifice the hour with you that I had longed for years. So I didn't hesitate for a second: I merely put my shawl over my evening dress and went out into the damp, misty night, without troubling about my coat, meaning man who -without considering the kind, well had been keeping me. I had made him look a ridiculous fool in front of his friends. After two years, his mistress ran off the first time a stranger whistled. Oh, I knew in my heart exactly how base, how ungrateful I was; what an infamy I was committing towards an honorable friend. I felt my behavior was absurd and in

كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئورنۇمدىن ئىتتىك تۇردۇم ـ دە، ئەر دوستۇمغا سىرتقا بىردەملىك چىقىپ كىرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپلا ئارقىڭىزدىن چىقتىم.

«سىز دالاندا كىيىم قويۇش ئۆيى يېنىدا مېنى كۈتۈپتۇرغان ئىكەنسىز، مېنىڭ چىقىشىم بىلەن تەڭ يۈزلىرىڭىز نۇرلىنىپ كەتتى. سىز كۈلۈمسىرەپ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالدىمغا كەلدىڭىز. دەرھاللا بايقىدىمكى، سىز مېنى تونۇمىدىڭىز. سىز مېنىڭ ئۇزاق زامان ئىلگىرىكى كىچىك قىزبالا ئىكەنلىكىمنى ياكى كېيىنكى ياش قىز ئىكەنلىكىمنى تونۇمىدىڭىز. يەنە بىر قېتىم مېنى يېڭى بىرسى، نا تونۇش ئايال سۈپىتىدە كۆرۈپ يېنىمغا چۈشكەن ئىدىڭىز. سىز مۇلايىم ئاۋازدا: «ماڭىمۇ بىرەر سائەتلىك ۋاقتىڭىزنى بېرەلەرسىزمۇ؟» دەپ سورىدىڭىز. سىزنىڭ تولۇق ئىشەنچلىك ئاۋازىڭىزدىن، مېنى كېچىلىك نازىنى ساتىدىغان ئايال دەپ قارىغانلىقىڭىز چىقىپ تۇراتتى.

–بولىدۇ، –دەپ جاۋاپ بەردىم مەن، ئۇن نەچچە يىل ئىلگىرىكى ياش قىزنىڭ قاراڭغۇ كوچىدا مۇشۇنداق تىترەك ئاۋازدا، تەبىئىي ھالدا قوشۇلغىنىغا ئوخشۇتۇپ.

–قاچان كۆرۈشەلەيمىز؟ –دەپ سورۇدىڭىز.

–قاچان خالىسىڭىز شۇ چاغدا، –دېدىم جاۋابەن قىلچىلىك تارتىنماستىن. سىز سەل ھەيران بولۇپ، ماڭا سەپ سالدىڭىز، ئۆتكەن قېتىمقى جاپسانلا ماقۇللۇق بىلدۈرۈشۈم سەۋەپلىك پەيدا بولغان ئەجەپلىنىشىڭىزگە ئوخشاش بۇ ھەيرانلىقتا گۇمانلىنىش ۋە قىزىقىش مۇجەسسەملەنگەن ئىدى.

— ھازىر قانداق بولار؟ –دەپ سورىدىڭىز ئىككىلەنگەن ھالدا.

— بولىدۇ، — دېدىم مەن، –چاتاق يوق.

«مەن كىيىم قويۇش ئۆيىگە بېرىپ پەلتويىمنى ئېلىۋالماقچى بولدۇم، ئەمما ئەر دوستۇم بىلەن پەلتولىرىمىزنى بىرگە قويغىنىمىز ئۈچۈن بىلەت ئۇنىڭدا ئىدى. قايتىپ كىرىپ ئۇنىڭدىن بىلەتنى سوراپ ئېلىش، يېتەرلىك سەۋەپ كۆرسىتىلمەستىن مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇنچە يىللاردىن كېيىن رويايقا چىقىۋاتقان سەن بىلەن بىرگە بولۇش سائەتلىرىنى قۇربان قىلىۋەتكۈم كەلمەيتى. شۇڭا مەن سېكوندمۇ ئىككىلەنمەي، شارپامنى كەچكى مۇراسىم كىيىمىمنىڭ ئۈستىگە تاشلىدىم ـ دە، پەلتويىم ۋە ئىككى يىلدىن بېرى مېنى قامداۋاتقان مۇلايىم، ھېسسىياتچان ئەركىكىم بىلەنمۇ كارىم بولماي، كەچكى تۇمان قاپلىغان نەم ۋە سوغۇق قاراڭغۇلۇققا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. ئۇنى دوستلىرىنىڭ ئالدىدا كۈلكىلىك ئەخمەققە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدىم. كېيىنكى ئىككى يىلدا ئۇنىڭ خانىمى بىرىنچى قېتىم بىر يات كىشى ئۇشقۇيتىشى ھامانلا ئارقىسىدىن كېتىپ قېلىۋاتاتتى. ئىھ مەن كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە، سەمىمىي دوستۇمغا نەقەدەر رەزىللىك، نەقەدەر پەسكەشلىك قىلىۋاتقىنىمنى بىلىپ تۇراتتىم. قىلمىشىمنىڭ بەكمۇ بىمەنە بولغانلىقىنى، ساراڭلارچە قىلىقىم تۇيەيلى بىر ياخشى ئىنساننىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك كۆڭۈل جاراھىتى پەيدا قىلغانلىقىمنى ھىس قىلاتتىم. ھاياتىمنى

my madness I had mortally offended a good man for ever. I felt I had torn my life in two _ but what was friendship to me, what was my existence compared with my impatience to feel your lips on mine once again; to hear your words softly whispered in my ear. That's how much I loved you, I can tell you now, now everything is past and done with. And I believe if you were to call me from my deathbed I would suddenly find the strength to get up and go with you.

'There was a taxi at the door and we drove to your home. I heard your voice again, felt you amorously near me and was as dazzled, as childishly overjoyed, as overwhelmed as before. How I climbed those stairs again after more than ten years _ no, no, I can't describe it. At that instant I felt everything twice over, the past and the present; and I was always conscious only of you. Little had changed in your room. There were a few more pictures and more books, here and there different furniture, but everything seemed really familiar. The vase with the roses in it stood on the writing-table _ my roses I had sent you day before on your birthday as a memento of a woman you didn't remember, didn't recognize even now, although she was beside you, holding hands with you and exchanging kisses. I was gratified, however, to see you had looked after the flowers. In that way you had a trace of my life, a breath of my love around you.

'You took me in your arms. Once again I spent a whole heavenly night with you. But you didn't even recognize my naked body. Overjoyed, I accepted your experienced caresses and saw that your passion made no distinction between a loved one and a whore; that you gave yourself wholly to your desire with all the unthinking, extravagant intensity of your being. You were so tender and gentle with me, the chance hall encounter, so refined and so sincerely -dance respectful, and at the same time so passionate in enjoying the woman. Dizzy from the old happiness, I sensed again the unique duality of your nature, the conscious, intellectual passion and the sensual, which had already enslaved me as a child. I have never known a man make love with such complete surrender radiant outpouring of such a to the moment,

بەرباد قىلغانلىقىمنى ھىس قىلاتتىم، لېكىن مەن تاقەتسىزلىك بىلەن، لەۋلىرىڭىزنى لېۋىمدە ھىس قىلىشنى، قۇلىقىمغا يۇمشاق پىچىرلىغان مۇلايىم ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاشنى دېگەندە، دوستلۇق دېگەن، ھەتتا مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم نېمىدى؟ ھازىر سىزگە دېسەم، مانا بۇ سىزنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىم ئۈچۈن ئىدى، ئەمدى ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، تۈگىدى. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، سەكراتتا ياتقىنىمدا ئەگەر سىز چاقىرسىڭىز، مەن بىردىنلا جانلىنىپ، چاچراپ تۇرىمەن ۋە سىز بىلەن ماڭىمەن.

«ئىشىك ئالدىدا بىر تاكسى تۇراتتى، بىز ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ ئۆيىڭىزگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. مەن يەنە ئاۋۇشىڭىزنى ئاڭلىماقتا ئىدىم، سىزنىڭ كۆز چاقنىتىدىغان جەزبىڭىزنى يېنىمدىلا ھىس قىلاتتىم، سەبىي، قىن - قىنىغا پاتمىغان شادلىق مېنى بۇرۇنقىدەكلا ئىلكىگە ئالغان ئىدى. ئون نەچچە يىل جۇدالىقتىن كېيىن سىزنىڭ پەللەمپىيىڭىزدىن قايتا چىقىپ كېتىۋاتاتتىم، بولدىلا، بولدىلا، بۇنى تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. شۇئاننىڭ ئۆزىنى مەن ھەممە نەرسىنى ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق ھىس قىلماقتىدىم، ئۆتكەن كەچمىشتىكىسى ۋە ھازىرقىسى؛ سىزنىلا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ھەرقاچان سېزىپ تۇراتتىم. خانىڭىز ئازراقلا ئۆزگۈرۈپتۇ. ئۇ يەردە بىر نەچچە يېڭى رەسىم ۋە كىتاپ، ئۇ يەر، بۇ يەردە ئوخشىمىغان جاھازلار، بىراق ھەممە نەرسە يەنىلا ناھايىتى تونۇش. يېزىق شىرەسى ئۈستىدە مېنىڭ ئەتىر گۈللىرىم سېلىنغان لوڭقا تۇراتتى، كۈن ئاۋال مەن بۇلارنى تۇغۇلغان كۈنۈڭدە، ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان، شۇئاندا گەرچە يېنىڭدا تۇرغان، قولغا قول تۇتۇشقان ھالدا سۆيۈشۈپ تۇرغان بولسىمۇ سەن تونۇمايۋاتقان بىر ئايالنى ئەسلىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدىم. قانداقلا بولمىسۇن، سىزنىڭ گۈللەرگە پەرۋىش قىلىپ تۇرغىنىڭىز ئۈچۈن مەن يەنىلا خوشال. دېمەك، نېمىلا بولمىسۇن مېنىڭ ھاياتىمنىڭ ئىزلىرى باركەن، مېنىڭ سۆيگۈ نەپەسىم سىزنى قوشاپ تۇرۇپتۇ.

«سىز مېنى باغرىڭىزغا باستىڭىز. مەن يەنە سىزنىڭ يېنىڭىزدا لەززەتتى - مەلەخ ھالدا بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۈم. بىراق سىز مېنىڭ يالىڭاچ تېنىمنى كۆرۈپمۇ مېنى تونۇيالمىدىڭىز. مەن بەختلىك ھالدا سىزنىڭ پىشقان مۇلايىملىقىڭىز ۋە كۆيۈنۈشلىرىڭىزدىن مەست - مۇستەغرەق بولدۇم ھەمدە كۆردۈمكى سىزنىڭ ئىشقىۋازلىقىڭىز ئالدىدا سۆيگەن كىشىڭىز بىلەن جالاپنىڭ پەرقى يوق ئىدى؛ نەپسى خاھىشىڭىزدىن ئۆزىڭىزنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇپ،ئويلۇنۇپمۇ ئولتۇرماستىن ھەددىدىن زىيادە كۈچلۈك بېرىلىپلا كېتەتتىڭىز. تانساخانىدا ئۇچراپ قالغان بىر ئايال بولۇشۇمغا قارىماي، سىز ماڭا بەك يۇمشاق ۋە سىپايە بولدىڭىز، شۇنداق ئالىجاناپ، ھۆرمەت ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلدىڭىز. بۇرۇنقى بەختىيارلىقتىن مەس بولغان ھالدا مىجەزىڭىزدىكى شەھۋانىي ھەۋەسكە تولغان قايناق ھىسسىياتىڭىز ئىچىدە ئەقىل - پاراسەتلىك روھنىڭ قايناق ھىسسى ۋە سەزگۈرلىكىمۇ بولغان ئۆزگىچە ئىككى خىللىقنى يەنە بىر قېتىم ھىس قىلدىم، بۇنىسى مەندەك بىر بالىنى سىزنىڭ قۇلىڭىزغا ئايلاندۇرغان ئىدى. مەن ئەزەلدىن بىر ئەر كىشىنىڭ جىنسىي سۆيگۈنى بۇنداق تەلتۆكۈس بېرىلگەن ھالدا، ئۆز ھېسسىياتىنى قويۇپ

his deepest emotion _ only to efface the memory in everlasting, almost inhuman forgetfulness. But forgot myself. Who was I, then, lying in the darkness beside you? Was I the eager child of days gone by; was I the mother of your child; was I the unknown woman? Oh, it was all so familiar; it had all been gone through before. Yet everything was ecstatically new that passionate night. And I prayed it would never end.

‘But morning came. We got up late and you invited me to have breakfast with you. We chatted together and drank the tea which an unseen servant’s hand had discreetly set out in the dining-room. Again you spoke with the entirely frank, cordial confidence natural to you. Again you asked no indiscreet questions, and showed no curiosity about what kind of person I was. You didn’t ask my name, or where I lived. Once again I was only an affair for you, anonymous, an hour of passion that dissolves without trace in the haze of forgetfulness. You told me you now intended to go on a long journey _ for two or three month to North Africa. I trembled in the midst of my happiness, for the words were already hammering in my ears: it’s all over, all over and forgotten! I wanted to fall at your feet and cry out, “Take me with you, recognize me at last, finally, in the end, after so many years!” but I was still so shy, so cowardly, so like a slave, so weak in your presence. All I could say was, “I’m sorry.”

‘You looked at me with a smile. “Are you really sorry?”

‘A sudden anger seized me. I stood up and looked at you, long and hard. Then I said, “The man I loved was always going away too.” I looked at you straight between the eyes. “Now, now, he’ll recognize me!” my whole being urged you, trembling.

‘But you smiled at me and said by way of consolation, “But we always come back.”

“Yes,” I replied, “You come back. But by then you’ve forgotten.”

‘There must have been something unusual, something vehement in the way I spoke. For you stood up then, too, and looked at me in surprise and very affectionately. You put your arm round my shoulders. “Once doesn’t forget what is good. I shan’t forget you,” you said, and as you said it you looked at me searchingly, as if you wanted to imprint my image on

بېرىپ، روھى دۇنياسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىگىچە ئاشكارىلاپ قويغىنىنى، ئىش تۈگىگەندە بولسا خاتىرىسىنى پۈتۈنلە ئۆچۈرۈپ، ياۋايىلىق بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپ قالغىنىنى كۆرمىگەن ئىدىم. مەن ئۆزەمنى ئۇنۇتقان ئىدىم. ، قاراڭغۇدا سىزنىڭ يېنىڭىزدا ياتقان كىم ئىدى؟ ۋۇنلىرىنى سىزدىن تامادا بولۇپ ئۆتكۈزگەن كىچىك قىزمۇ، بالىڭىزنىڭ ئانىسىمۇ ياكى ناتونۇش ئايالمۇ؟ ئاھ بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق تونۇش؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇن بىر قېتىم بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ جۇشقۇن ئىشق كېچىسىنىڭ ھەممە نېمىسى مەست - مۇستەغرەق قىلغۇچى يېڭى ئىدى. مەن بۇ كېچىنىڭ تاڭ ئاتماس كېچە بولىشىنى تىلىدىم.«لېكىن يەنىلا تاڭ يورۇشقا باشلىدى. بىز ناھايىتى ۋاخچە تۇردۇق ھەم سىز مېنى بىللە ناشتا قىلىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدىڭىز. تاماقخانىغا ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن خىزمەتكار تەرىپىدىن ھازىرلاپ قويۇلغان داستىخاندا پاراڭلاشقاچ ئولتۇرۇپ چاي ئىچتۇق. سىز سەممىمي، مۇلايىم، ئۆز ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا تەبىئىي پاراڭ قىلاتتىڭىز. يېنىكلىك بىلەن سوئال سورىمىدىڭىز، شۇنداقلا مېنىڭ كىملىكىمگىمۇ قىزىقىش ئىپادىسىدە بولمىدىڭىز. ئىسمىمنى، نەدە ياشايدىغانلىقىمنى سورىمىدىڭىز. مەن سىزگە نىسبەتەن يەنە شۇنداق تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان، بىرەر سائەت قىزغىنلىقتىن كېيىن ئۇنۇتقاقلىق تۇمانلىرى ئىچىدە ئىز دېرەكسىز غايىپ بولىدىغان بىر نەرسە بولۇپ قېلىۋەردىم. سىز ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ ئىككى - ئۈچ ئايلىق شىمالىي ئافرىقا سەپىرىگە چىقىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز. خۇشاللىقىم قاببەلدىن ئۈزۈلۈپ تىترەشكە باشلىدىم، قۇلىقىم تۈۋىدە ‹تۈگىدى، تۈگىدى، ئۇنتۇيدۇ!› دېگەن سۆزلەر غوڭۇلدايتى. مەن سىزنىڭ ئايغىڭىزغا يىقىلىپ، ‹مېنى ئۆزىڭىز بىلەن ئېلىپ كېتىڭ، مېنى تونۇڭ، ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ئاخىرقى قېتىمدا بولسىمۇ مېنى تونۇڭ!› دەپ يىغلىغۇم كەلدى. بىراق مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا يەنىلا شۇنداق تارتىنچاق، شۇنداق يۈرەكسىز، شۇنداق رايىش، شۇنداق ئاجىز ئىدىم. پەقەت ‹ۋاي ئېسىت› دېگەن سۆزلا ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى.

«سىز ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ: ‹سىز راستىنلا پۇشايمان قىلىۋاتامسىز؟›

«تۇيۇقسىز غەزەپ مېنى ئىلكىگە ئالدى. مەن تۇرۇپ سىزگە ئۇزاق ۋە قاتتىق تىكىلدىم. ئاندىن: ‹مەن ياخشى كۆرىدىغان كىشىمۇ دائىم ئۇزاقلارغا كېتىدۇ› دېدىم. مەن كۆزلىرىڭىزگە مىختەك تىكىلدىم. ‹مانا، ھازىر تونۇيدىغان بولدى!› پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئۈيۈشۈپ تىترەيتى.

«بىراق، سىز كۈلۈمسىرەپ قاراپ ماڭا تەسەللى ئېيتتىڭىز: ‹بىراق بىز ھەمىشە قايتىپ كېلىمىز.›

«شۇنداق، –دېدىم مەن، –قايتىپ كېلىسىلەر. بىراق ئۇ چاغدا ھەممىنى ئۇنۇتقان بولىسىلەر.»

«سۆزۈمدە نېمىدۇر ئالاھىدىرەك، نېمىدۇر بىلىنىپ تۇراتتى. سىزمۇ تۇردىڭىز ۋە ماڭا ھەيرانلىق بىلەن ھەمدە يېقىنلىق بىلەن قارىدىڭىز. قوللىرىڭىزنى مۈرەمگە قويدىڭىز. ‹گۈزەل نەرسىلەر

your mind. And as I felt your penetrating look, searching, examining, taking in the whole of me, I believed at last, finally, the spell of blindness was broken. “He will recognize me, he will recognize me!” my whole soul trembled at the thought.

‘But you didn’t recognize me. No, you didn’t. Never had I been more of a stranger to you than I was at that moment, for otherwise _ otherwise you could never have done what you did a few minutes later. You had kissed me, kissed me again passionately. My hair was disarranged and I had to put it right. And as I stood in front of the mirror I saw reflected in it _ and I thought I would faint with shame and horror _ I saw you push some large banknotes discreetly into my muff. I don’t know how I managed to stop myself, then, from crying out, from slapping your face _ I who had loved you since childhood and was the mother of your child _ you were paying me for the night! To you I was a tart from the Tabarin, nothing more. You paid me, paid me! It wasn’t enough that you had forgotten me. Now I had to be humiliated.

‘I gathered up my belongings quickly. I wanted to leave at once. The pain was too great. I snatched up my hat. It was on the writing-table beside the vase with the white roses, my roses. Then I was seized with an utterly irresistible urge: I would try once more to make you remember. “Would you give me one of your roses?”

“With pleasure,” you said, immediately picking one out.

“But perhaps a woman gave them to you, a woman who loves you?” I said.

“Possibly,” you answered. “I don’t know. Someone gave them to me but I don’t know who it was. That’s why like them so much.”

‘I looked at you. “Perhaps they’re also from someone you’ve forgotten!”

‘You looked astonished. I gazed at you fixedly. My expression begged you: “Recognize me, recognize me at last!” But your eyes smiled in a friendly way and had no recognition in them. You kissed me again. But you didn’t recognize me.

‘I hurried to the door for I was aware of the tears welling up in my eyes and I didn’t want you to see them. I went out in such haste that I almost collided with your manservant, John, in the hall.

ئۇنتۇلمايدۇ، مەن سىزنى ئۇنۇتمايمەن› دېدىڭىز ۋە دەۋېتىپ ماڭا گويا مېنىڭ قىياپىتىمنى كاللىڭىزغا ئورنىتىۋالماقچى بولغاندەك زەڭ سېلىپ قاردىڭىز. بىگىزدەك تىكىلىشىڭىز، ئىزدىنىشىڭىز، تەكشۈرىشىڭىزگە قاراپ ئاخىرى مەزگىللىك قارىغۇلۇقى ئاخىرلىشىدىغان بولدى دېگەن تۇيغۇغا كەلدىم. ‹ئۇ مېنى تونۇيدىغان بولدى، ئۇ مېنى تونۇيدىغان بولدى!› دېگەن ئوي پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىۋەتتى. «بىراق سىز مېنى تونۇمىدىڭىز. ياق، تونۇمىدىڭىز. مەن سىزگە نىسبەتەن ئەزەلدىن مۇشۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش ناتونۇش بولغان ئەمەس، ئۇنداق بولمايدىغان بولسا بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىنكى قىلىقنى قىلمىغان بولاتتىڭىز: سىز مېنى سۆيدىڭىز، قىزغىنلىق بىلەن يەنە سۆيدىڭىز. چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىمنى تۈزىتىشىم كېرەك ئىدى. ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئىدىم، ئەينەكتىن شۇنى كۆردۈم ۋە نومۇس ۋە ئەلەمدىن ئايلىنىپ كەتكۈدەك بولدۇم: سىز مېنىڭ پەلىيىم ئىچىگە بىرمۇنچە پۈتۈن پۇلنى تىقىۋاتاتتىڭىز. كۆز ئالدىڭىزدا يىغلىۋېتىشتىن ئۆزەمنى قانداق تۇتىۋېلىشىمنى بىلمەيتىم، مەن سىزنى باللىقىمدىن ياخشى كۆرگەن ھەم بالىڭىزنىڭ ئانىسى ئىدىمۇ، ئەمما سىز مېنىڭ كېچىلىكىمگە پۇل تۆلەۋاتاتتىڭىز! ساڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا مەن تابارىندىن تېپىپ كەلگەن پاھىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدىم. سەن ماڭا پۇل تۆلىدىڭ، پۇل تۆلىدىڭ! يۈزۈمنىمۇ تۆكۈۋالغان ئىدىم.

«نەرسىلىرىمنى ئالدىراش يىغىشتۇردۇم. دەرھال كەتكۈم كەلدى. ئازاپ بەكمۇ قاتتىق ئىدى. شىلەپەمنى ئالدىم. شىلەپەم يېزىق شىرەسىدىكى لوڭقىنىڭ تۈۋىدە، مېنىڭ گۈللىرىمنىڭ تۈۋىدە تۇراتتى. بېسىپ بولماس كۈچلۈك بىر خىل ئارزۇ تۇرتكىسىدە ئاخىرقى قېتىم سىزنىڭ خاتىرىڭىزنى قوزغاش ئۈچۈن يەنە بىر ئۇرۇنۇپ باقماقچى بولدۇم. ‹ئەتىرگۈلىڭىزدىن بىرەر تال بېرىشنى خالىمامسىز؟›

«‹خۇشاللىق بىلەن› دېدىڭىز ۋە دەرھال بىرتالنى سۇغۇرۇپ ئالدىڭىز.

«‹بەلكىم بۇ سىزنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئايالنىڭ سوغىسىدۇر›

«‹مۇمكىن، –دېدىڭىز جاۋابەن، –بىلمەيمەن. كىمدۇر بىرى سوغا قىلغان، ئەمما كىم، ئۇنىسىنى بىلمەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇلارنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن.›

«سىزگە تىكىلدىم. ‹بەلكىم بۇلارنى سىز ئالللقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن بىرسى ئەۋەتكەندۇر!›

«چۆچۈپ قاردىڭىز. مەن سىزگە بىرخىلدا قاراپ تۇردۇم. يۈرىكىم تىلەيتى: ‹مېنى تونۇڭ، تونىسىڭىزچۇ ئاخىر!› كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرىڭىز دوستانە، ئەمما يەنىلا تونۇغانلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتى. سىز مېنى تەكرار سۆيدىڭىز. ئەمما تونۇمىدىڭىز.

«كۆز ياشلىرىمنىڭ تۆكۈلەي دەپ قالغىنىنى سېزىپ، سىزگە كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئىتتىك ئىشىك تەرەپكە قاراپ

Speedily and discreetly he stepped aside, opened the front door to let me out, and then _ are listening? _ in that one, single second, as I looked at him, with tears streaming from my eyes, looked at the now elderly man; a light of recognition suddenly came into his eyes. In that one instant, do you hear me? In that one instant the old man knew who I was. He hadn’t seen me since I was child. I could have fallen on my knees before him and kissed his hands for that recognition. But I just quickly pulled from my muff the money you had scourged me with, and slipped in into his hands. He trembled and looked at me in alarm _ at that moment he perhaps understood more about me than you did in your whole life. Everyone, everyone indulged me, everyone was good to me _ only you, you alone forgot me. Only you, you alone, never recognized me!

‘My child is dead, our child _ now I have no one else in the world to love but you. But who are you to me, you who never, ever recognize me, who pass over me as though you were crossing a stream, and tread on me as though I were a stone? You go on and on and leave me to wait for ever. Once I thought I could hold on to you, ever elusive as you are, in the child. But he was your child. Overnight he was cruelly gone from me, on a journey; he has forgotten me and will never come back. I am alone again, more alone than ever. I have nothing, nothing of yours _ no child any more, no word, no written line, no mementoes. And if anyone were to mention my name, it wouldn’t mean anything to you. Why shouldn’t I gladly die, since I am dead to you? Why not move on, since you are gone from me? No, darling, I am not reproaching you. I don’t want to toss my misery into your cheerful home. Don’t be afraid that I’ll ever embarrass you again. Forgive me, but I must pour my soul out to you at this hour, when the child lies there dead and forlorn. I must speak to you just this once _ then I’ll go back silently into my obscurity, as I have always been silent where you are concerned. But you won’t hear this cry as long as I am alive _ from one who loved you more than anyone else and whom you didn’t recognize; from one who always waited for you but for whom you never sent. Perhaps,

ماڭدىم. ئالدىرىغىنىمدىن دالاندا خىزمەتچىڭىز جون بىلەن سوقۇشۇپ كەتكىلى تاس قالدىم. ئۇ تېزلا ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ توختىدى ۋە چىقىشىم ئۈچۈن ئالدى ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. ئاڭلاڭ، مۇشۇ سېكونتتا، مۇشۇ ھەش - پەش دېگۈچىلىك ئارىلىقتا، ياش بۇلدۇقلاۋاتقان كۆزلىرىم بىلەن ئۇنىڭغا قارىۋىدىم، بوۋايغا قارىۋىدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە تونۇغانلىقنى ئىپادە قىلىدىغان بىر نۇر پارلىدى. ئاشۇ ھەش - پەش دېگۈچىلىك ئارىلىقتا، ئاڭلاۋاتامسىز؟ ئاشۇ قىسقا ئارىلىقتا بوۋاي مېنىڭ كىملىكىمنى دەرھال بىلدى. ئۇ مېنى بالىلىق دەۋرىمدىن بۇيان كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. مېنى تونۇغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاياقلىرىغا يىقىلىپ، قوللىرىغا سۆيسەم بولاتتى. بىراق مەن پەلەيىم ئىچىدىكى ماڭا قامچە بولۇپ تەككەن پۇللىرىڭنى تارتىپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم. ئۇ غالىلداپ تىترىگەن ھالدا ماڭا ئالاقزادىلىك بىلەن قارايتى، بەلكىم ئۇ ئاشۇ سېكونتتا مېنى سىزنىڭ ئۆمۈر بويى چۈشەنگىنىڭىزدىنمۇ ئارتۇقراق چۈشەندى. ھەركىم مېنىڭ مەيلىمچە، ھەممە كىشى مەن بىلەن ياخشى، پەقەت سىز، سىزلا مېنى ئۇنتۇپ قالىسىز. پەقەت سىز، سىزلا ھېچقاچان تونۇپ باقمىدىڭىز!

....

«مېنىڭ بالام ئۆلۈپ كەتتى، بىزنىڭ بالىمىز. ئەمدى بۇ دۇنيادا سىزدىن باشقا ياخشى كۆرگىدەك كىشىممۇ يوق. لېكىن، سىز كىمىم سىز؟ سىز مېنى ئەزەلدىن ئەبەتكە تونۇمىغان، يېنىمدىن خۇددى سۇنىڭ بويىدىن ئۆتكەندەك ئۆتۈپ كەتكەن، ھەمدە خۇددى تاشنى دەسسىگەندەك بېسىپ ئۆتۈپ كەتكەن بىرسى ئەمەسمۇ سىز؟ مېنى مەڭگۈلۈككە ساقلىتىپ قويۇپ، ئۆزىڭىز مېڭىۋەردىڭىز، مېڭىۋەردىڭىز. مەن بىر قېتىم سىزنى بالا ئارقىلىق تۇتىۋالغان ئىدىم. ئۇ پەقەت سىزنىڭلا بالىڭىز ئىدى. ئاخشام كېچىدە ئۇ رەھىمسىزلىك بىلەن مېنى تاشلاپ سەپەرگە كەتتى، ئۇمۇ مېنى ئۇنۇتتى ۋە مەڭگۈ قايتمايدىغان سەپەرگە كەتتى. مەن يەنە تەنھا قالدىم، ھەرقاچانقىدىنمۇ بەك يالغۇز قالدىم. مەندە سىزنىڭ ھېچنېمىڭىز يوق، ھېچنېمىڭىز، بالىمۇ يوق، بىر ئېغىز سۆزىڭىزمۇ، يازغان بىر قۇر خېتىڭىزمۇ، ھېچقانداق ئەستىلىكىڭىز يوق. ئەگەر بىرەرسى مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئالسا، سىز ئۈچۈن بۇنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق. سىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مەن ئاللىقاچان ئۆلگەن بىلەن ئوخشاش بولغاندىكىن، نېمىشكە خۇشاللىق بىلەن ئۆلمەيدىكەنمەن؟ سىز مەندىن ئاللىقاچان ئايرىلىپ كەتكەندىكىن، كۆزىڭىزدىن يۇتمەي نېمە قىلىمەن؟ ياق، قەدىرلىكىم، مەن سىزدىن رەنجىۋاتقىنىم يوق. مەن ئۆزەمنىڭ قايغۇ - ئەلەملىرىمنى سىزنىڭ شاد تۇرمۇشىڭىزغا ئارىلاشتۇرۇشنى خالىمايمەن. قورقماڭ، ئەمدى ھەرگىز يەنە خىجىل قىلمايمەن. مېنى كەچۈرۈڭ، بالام ئۆلۈپ تاشلىنىپ ياتقاندا ئىچىمدىكىنى سىزگە تۆكۈۋالاي. مۇشۇ بىر قېتىم سىزگە دېيىشىم كېرەك، ئاندىن ھەمىشەمكىدەك سۈكۈنات ئىچىگە چۆكۈمەن. بىراق مېنىڭ يىغامنى، سىزنى ھەرقانداق ئادەمدىن ئارتۇق ياخشى كۆرگەن ۋە سىز

perhaps you will call me then, and for the first time I shall be unfaithful to you; I shan't hear you any more, from the dead. I leave you no picture and no token, as you left anything to me. You'll never recognize me, never. It was my fate in life; it will also be my fate in death. I won't send for you in my last hour. I am going without your knowing my name or what I look like. It will be easy for me to die since you won't feel it from afar. I couldn't die if my death were to cause you pain.

'I can't go on writing any longer. My head is so heavy… my limbs ache, I'm feverish. I think I must lie down now. Perhaps it will soon be over; perhaps fate will be kind to me for once and I won't have to see them take the child away…. I can't write any more. Farewell, darling, farewell. Thank you. It was good as it was, in spite of everything. I'll be grateful to you until my last breath. I'm all right: I've told you everything; you know now, no, you can only guess, how much I loved you. You have no encumbrance from that love. I won't fail you _ that comforts me. Nothing will be changed in your splendid, pleasant life. My death will not affect you… that comfort me, my darling.

'But who… who will send you white roses now on your birthday? Oh, the vase will be empty, the little breath, the tiny trace of life that once a year wafted around you will also be blown away! Darling, listen, I ask you _ it's my first and last request to you _ do it for my sake. Every birthday _ it's a day after all when everyone thinks of himself _ buy some roses and put them in the vase. Do it, darling, do it, as others have a mass said once a year in memory of a dead loved one. But I don't believe in God any more and don't want a mass. I believe only in you, I love you, and want to go on living only in you…. Oh, only one day in the year, as I lived near you… completely, totally silent. I ask you to do it, darling. It's my first request and the last. Thank you… I love you, I love you. Farewell.'

His hands were shaking as he put the letter down.

Then he meditated for a long time. Some confused recollection of a child next door, of a young girl, a woman in the nightclub, came to the surface, but it

بولسىڭىز تونۇمىغان ئايالنىڭ يىغىسىنى، ئۇزۇن زاماندىن بېرى سىزدىن بىرەر پارچە خەت كۈتكەن، سىز بولسىڭىز ھېچ نەرسە ئەۋەتمىگەن ئايالنىڭ يىغىسىنى ھاياتلىقىدا ئاڭلىمايسىز. بەلكىم، بەلكىم مۇشۇنىڭدىن كېيىن سىز مېنى چاقىرىپ قالارسىز، مەن بولسام بىرىنچى قېتىم سەممىيەتسىزلىك قىلىدىغان، ئۆلۈپ ياتقان يېرىمدىن ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىمايدىغان بولدۇم. مەن سىزگە رەسىم، ئەستىلىك قالدۇرمىدىم، خۇددى سىز ماڭا ھېچنەرسە قالدۇرمىغاندەك. سىز مېنى ئەزەلدىن تونۇمىدىڭىز، ھېچ تونۇمىدىڭىز. بۇ مېنىڭ ھاياتتىكى يازمىشىم؛ ئۆلۈشۈممۇ يازمىشىمدىن. ئاخىرقى سائەتلىرىمدە سىزگە ئەۋەتەلمەيمەن. سىزگە ئىسمىمنىڭ نېمىلىكىنى، تەققى تۇرقۇمنىڭ قانداقلىقىنى بىلدۇرمەي كېتىدىغان بولدۇم. يىراقتىنمۇ ھېس قىلالماسلىقىڭىز مېنىڭ ئۆلۈشۈمنى ئاسان قىلىشى مۇمكىن. ئۆلۈمىم سىزنى ئازاپلايدىغان بولسا ئۆلەلمىگەن بولاتتىم.

«يېزىشنى داۋاملاشتۇرالمايۋاتىمەن. بېشىم بەك ئېغىر... پۇت - قوللىرىم سىقىراۋاتىدۇ، قىزىپ كېتىۋاتىمەن. يېتىپ قالسام كېرەك. بەلكىم ئاخىرلاشتۇرالارمەن، بەلكىم تەقدىر بىر قېتىم ئىنايەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ بالامنى ئېلىپ كەتكىنىنى كۆرۈشتىن ساقلار... يېزىشنى داۋام قىلالمىدىم. ئەلۋىدا، قەدىرلىكىم، ئەلۋىدا. رەخمەت سىزگە. ئۇلار ياخشى بولغانىدى، ھەممىسى ياخشى بولغان. مەن سىزگە ئاخىرقى نەپىسىمگىچە رەخمەت ئېيتىمەن. خۇداغا شۈكرى، سىزگە ھەممىنى دەۋالدىم، سىز ھازىر بىلدىڭىز، ياق، سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرگەنلىكىمنى پەقەت قىياس قىلالايسىز. بۇ سۆيگۈ سىزگە ھېچ پۇتلىكاشاڭ بولمايدۇ. مەن سىزنى ئۈمىدسىزلىككە سالمايمەن، بۇ ماڭا زور تەسەللى. سىزنىڭ سەلتەنەتلىك، خۇشال - خۇررام ھاياتىڭىزدا ھېچنەرسە ئۆزگەرمەيدۇ. مېنىڭ ئۆلىمىم سىزنى تەسىرلەندۇرمەيدۇ... بۇ ماڭا تەسەللى، قەدىرلىكىم.

«بىراق، كىم... كىم تۇغۇلغان كۈنىڭىزدە ئاق ئەتىرگۈل ئەۋەتىپ بېرىدۇ؟ ئاھ، لوڭقا قۇرۇق تۇرارمۇ؟ يىلدا بىر قېتىم ئەتراپىڭىزغا پۇراق چاچقۇچى گۈل ھىدى –مېنىڭ يەڭگىل نەپىسىممۇ ئۇچۇپ كېتىدىغان بولدى! قەدىرلىكىم، ئاڭلاڭ، مەن سىزدىن ئۆتۈنەي، –بۇ مېنىڭ تۇنجى ۋە ۋە ئاخىرقى ئىلتىماسىم – مېنىڭ يۈز - خاتىرەم ئۈچۈن بۇنى ئورۇنداپ قويۇڭ: ھەر تۇغۇلغان كۈنىڭىزدە –بۇ ھەممە ئادەم ئۆزىنى ئويلايدىغان كۈن –بىر ئاز ئەتىرگۈل سېتىۋېلىپ، لوڭقىغا سېلىپ قويۇڭ. شۇنداق قىلىڭ، قەدىرلىكىم، شۇنداق قىلىڭ، باشقىلارغا ئوخشاش يىلدا بىر قېتىم ئۆلگەن ئاشىقىڭىزنى ئەسلەپ قويۇڭ. بىراق مەن ئىساغا ئىشەنمەيمەن، ھەم كۆپچىلىككىمۇ ئىشەنمەيمەن. مەن پەقەت سىزگىلا ئىشىنىمەن، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىز بىلەنلا ياشاشنى خالايمەن... ئاھ، پەقەت بىر كۈن، يىللار ئىچىدە پەقەت بىر كۈن سىزگە يېقىن ياشىغىنىمدەك... پۈتۈنلەي، تەل -تۆكۈس سۈكۈت. سىزدىن ئۆتۈنىمەن، شۇنداق قىلىڭ، قەدىرلىكىم. بۇ مېنىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى تەلىۋىم. رەخمەت سىزگە... مەن سىزنى سۆيىمەن، سىزنى سۆيىمەن. ئەلۋىدا.»

was a dim and muddled memory, like a stone sparkling and flickering without definition at the bottom of running stream. Shadows flitted to and fro, yet no picture formed. He felt recollections of emotion, but still he didn't remember. It seemed to him that he had dreamt about all these figures, dreamt often and deeply, but even so only dreamt.

His glance fell on the blue vase in front of him on the writing-table. It was empty; the first time for years it had been empty on his birthday. He gave a start: it seemed to him as if a door had been flung open suddenly by an invisible hand, and a cold current of air from another world flowed into his peaceful room. He became conscious of a death and conscious of undying love. Something struck a chord in his innermost soul, and he strove ardently to reach out in spirit towards the unseen presence, as though he were hearing distant music.

ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ خەتنى قويدى. ئاندىن ئۇزۇنغىچە چوڭقۇر خىيال سۇردى. ئۇ قوشنىسىنىڭ نارىسىدە قىزنى، بىر بويىغا يەتكەن قىزنى، كەچلىك بەزمىخانىدىكى بىر ئايالنى خىرە ـ شىرە ئەسلىدى. لېكىن بۇ ئەسلىمە ناھايىتى تۇتۇق بولۇپ، شاقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا ئاستىدىكى تاشنىڭ پالىلداپ تۇرغىنىغا ئوخشاش ئۆزگىرىشچان ئىدى. ئۇ سايىگە ئوخشاش گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ يوقۇلۇپ، بىر شەكىل تۇسىدە تۇرالمايتى. ئۆمۈچۈك توردەك يىپ ئۇچىغا ئىگە بولغاندەك قىلسىمۇ، ھەرقانداق قىلىپ ئويلاپ يېتەلمەيتى. ئۇ گويا بۇ سىمالارنى چۈشىدە كۆرگەندەك، دائىم چۈشىدە كۆرگەن ۋە ئېغىر ئۇيقۇدا كۆرگەن چۈشىدە، پەقەت ھەتتا چۈشىدىلا كۆرگەندەك ھىس قىلدى.

ئۇنىڭ كۆزى ئالدىكى يېزىق شىرەسىدە تۇرغان لوڭقىغا چۈشتى. ئۇ قۇرۇق ئىدى؛ يىللاردىن بېرى بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە قۇرۇق تۇراتتى. گويا كۆرۈنمەس بىر قول ئىشىكنى داغدام ئېچىۋەتكەندەك، باشقا بىر دۇنيانىڭ سوغۇق شامىلى ئۇنىڭ جىم ـ جىت خانىسىغا كىرىۋاتقاندەك ئۇ چۆچۈپ كەتتى. ئۆلۈمنى، ئۆلمەس مۇھەببەتنى ئېسىگە كەلتۈردى. نېمىدۇر ئۇنىڭ روھىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇ خۇددى لەرزان مۇزىكا ئاڭلاۋاتقاندەك، روھى ئىچىدە كۆرۈنمەس مەۋجۇتلۇق تەرەپكە قىزغىنلىق بىلەن تىرىشىپ ئۇزىتاتتى.